سەنۇبەر تۇرسۇن


قاناتلانغان كۈي

CD



# سەنۇبەر تۇرسۇن ناخشىلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى




قەدىرلىك ئوقۇرمەن :

بۇ كىتابنى ۋاراقلىغىنىڭىزدا پەقەت سىز ئۈچۈنلا ئېيتىلغان بىرەر ناخشامنى يادىڭىزغا ئالالىغانلىقىڭىز مېنىڭ سەنئەتتىكى ئەڭ زور ئۇتۇقۇمدۇر.

ئاپتور



سەنۇبەرنىڭ دادىسى تۇرسۇن مۇھەممەت چاڭ (1920 – 1979)



سەنۇبەر تۇرسۇن (سولدا) ئانىسى مەرھۇمە
رىسالەت تۇرغان بىلەن بىللە (1981 - يىلى)



غولجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ناخشا ئورۇنداۋاتقان سەنۇبەر (1986 - يىلى)



سەنۇبەر تۇرسۇن ڧۇشكىزەك ئىنىلىرى ھەسەن ، ھۇسەن بىلەن بىللە (2008-يىلى)



سەنۇبەر تۇرسۇن ئاتاقلىق كومپوزىتور تۇرسۇن قادىر بىلەن بىللە



سەنۇبەر تۇرسۇن دولان مۇقامچىلىرىدىن
ھەسەن يەھيا ، ھۇسەن يەھيالار بىلەن بىللە (2007-يىلى)



سەنۇبەر تۇرسۇن يېزا بالىلىرى بىلەن بىللە (2007-يىلى)

**图书在版编目(CIP)数据**

腾飞的旋律：赛努拜尔·吐尔逊歌曲选：维吾尔文/赛努拜尔·吐尔逊著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008.12
ISBN 978—7—228—12155—7

Ⅰ.腾… Ⅱ.赛… Ⅲ.创作歌曲—作品集—中国—现代
Ⅳ. J642.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 204894 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 赛努拜尔·吐尔逊 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 扎米拉·皮达 |
| 封面设计 | 买买提·努巴提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/16 |
| 印　　张 | 10 |
| 插　　页 | 4 |
| 版　　次 | 2008 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 12 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 50.00 元（附两张 CD 唱片） |

# مۇندەرىجە


مەرھابا، «ئاق بوز ئات»لىق مەلىكە ........................ 1
ناخشام ئارىلىقىدىكى پاراڭ ........................ 9
ناخشىلار
قانداق قىلارمەن ........................ 27
ئىلتىجا ........................ 31
ئەلۋىدا يار ........................ 34
بىراق ........................ 37
ئىشەنگىنىم گۇناھمۇ ........................ 39
ئالدانغان ئەقىدە ........................ 42
سارغايغان ياپراق ........................ 46
ئاي بىلەن قىز ........................ 48
ھاياتلىق پەرىشتىسى ........................ 53
مەرىپەت ئىزدە ........................ 56
ئانا ئەجرى ........................ 59
قوي پىيالىگە چاينى ........................ 63
سېغىندىم، ئانا ........................ 67
كۆتەلەمسەن ........................ 71
ئانا يۇرت ........................ 75
ئارزۇلىرىم ........................ 79
ئادەملەر ئۇلۇغ ........................ 83
خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ ........................ 87
كۆرۈنگەننى يار تۇتساڭ ........................ 90
ئىمچەم سېرىق ........................ 94
ۋەتەن تاغلىرى ........................ 99
گۈلۈم دەيمۇ ........................ 102

گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ ............ 105
مەستانە بولدۇم ............ 108
مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ ............ 111
ياشىسۇن ............ 115
مۇھەببەت ناخشىسى ............ 118
ئانام بولۇپ بەرسەڭچۇ، دۇنيا ............ 121
كاككۇك كەلگەندە ............ 124
ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن ............ 128
دوستلىرىم قەيەرلەردە ............ 131
ناخشا بولۇپ ياشاي يېنىڭدا ............ 134
ۋەدەم بىلەن ............ 137
تارىم ............ 140
سالام خەلقىم ............ 144
ئاق بوز ئاتىم ............ 148
گۈلمىدى، غۇنچەمىدى ............ 151
سەنۇبەر تۇرسۇن ئورۇندىشىدا ئىشلەنگەن ناخشا پلاستىنكىلىرى ............ 155
قوشۇمچە: سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ مۇشۇ كىتاب ئۈچۈن ئىشلىگەن CD پلاستىنكىسى (2 دانە)

# مەرھابا، «ئاق بوز ئات»لىق مەلىكە

## ـــ كىرىش سۆز ئورنىدا

ھېيتەم ھۈسەيىن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى)

ھاياتتىكى بەزەن تاسادىپىيلىقلار ئادەمنى تولىمۇ ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ. بولۇپمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ياخشى تىلەك ۋە ئويلارنىڭ بىردەمدىلا رېئاللىققا ئايلىنىپ قېلىشى خۇددى گۈزەل رىۋايەتتەك ئەقلىڭىزنى لال قىلىدۇ.

2008 - يىلى فېۋرالنىڭ كۆڭۈللۈك بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆيىمىزدە ئاشۇنداق بىر تاسادىپىيلىق يۈز بەردى.

شۇ كۈنى قەدىناسىم ئىككىمىز تالادا يېغىۋاتقان ئاپئاق قارغا تىكىلگەن ھالدا VCD دىسكىسىدىن لەرزان ياڭراۋاتقان سەنۇبەر تۇرسۇن ئىجراسىدىكى خەلق ناخشىسى «ئاق بوز ئاتىم»نىڭ ئارامبەخش مۇڭلىرىغا غەرق بولۇپ ئولتۇراتتۇق. لىرىك كۈي ئاتا قىلغان ئاجايىپ بىر تۇيغۇ بىزنى مەستىمۇ مۇستەغرەق قىلىۋەتكەنىدى:

ئاق بوز ئاتىم، ئاق بوز ئاتىم يالىڭنى ئۆزات،
بۈگۈن كېچە يار قېشىغا يەتكۈزگىن بوز ئات...

شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى تۇيۇقسىز جىرىڭلاپ، ئۇقاردەك ئاپئاق پەلتوغا ئورالغان، مەڭزى ئاناردەك قىزارغان، غۇنچە بويلۇق بىر قىز كىرىپ كەلدى.

ـــ مانا، مانا، «ئاق بوز ئات» بىزگە قار مەلىكىسىنى ئېلىپ كەلدى. كېلىڭ، كېلىڭ، سەنۇبەر، يۇقىرى ئۆتۈڭ! ـــ دېدى رەپىقەم رەيھان مېھماننى قىزغىن قۇچاقلاپ.

بىز ئۇنى ئۆينىڭ تۆرىگە باشلىدۇق.

مانا، ئۆزى ئورۇندىغان ناخشا ساداسى ئىچىدە راستتىنلا سەنۇبەر كەلگەنىدى. بىز كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى ئورۇنلاشتۇرغان بۇ شادىمان دىدارلىششتىن راھەتلىنىپ كۆلۈشتۇق ۋە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن بىردەم ھال ـ مۇڭ بولۇشتۇق.

قىز خەۋەر بەرمەيلا كېلىپ مالال قىلغانلىقىغا ئۆزرە ئېيتقاچ سومكىسىنى ئېچىپ، تارتىنچاقلىق بىلەن ئۆزىنىڭ نەشرگە يوللاش ئالدىدا تۇرغان «قاناتلانغان كۆي» ناملىق سەنۇبەر تۇرسۇن ئىجادىي ئاھاڭلار توپلىمىنىڭ ئورىگىنالىنى ئالدىمغا قويدى ھەمدە تېخىمۇ خىجىللىق ئىچىدە مېنىڭ بۇ كىتابى ئۈچۈن مۇقەددىمە ئورنىدا ئىككى كەلىمە كىرىش سۆز يېزىپ بېرىشىمنى ئۆتۈندى. مەن كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىگە تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتتۈم. ئادەمنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكۈدەك مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن كەڭ ئاۋامنىڭ كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، ئىجادىيەتتە تېخى ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بۇ ئوتلۇق غەزەلخاننىڭ ئىشلىگەن يېڭى ناخشىلىرىنىڭ قىسقىغىنا بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئوتتۇزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن بۇ ياش كۈيچىنىڭ ئىزدىنىش روھىغا باي شىجائىتىدىن ئالەمچە خۇش بولدۇم ۋە ئۇنىڭ غەيرىتىگە قايىللىق بىلەن ئاپىرىن ئېيتىپ، ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدىم.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سەنۇبەر بىزگە خوش ئېيتتى. رەپىقەم ئىككىمىز شېرىن تىلەكلەر تىلەپ ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتۇق.

تېخىچە يېغىۋاتقان ئاپئاق قار ئىچىدە كېتىۋاتقان، ئۈچىسىغا ئاپئاق پەلتو كىيىۋالغان بۇ ھۆرمەت ساھىبى شۇ تاپتا راستتىنلا رىۋايەتلەردىكى ئاق بوز ئاتلىق «قار مەلىكىسى»گە ئوخشاپ قالغانىدى. تەبىئەتمۇ گويا ئۇنىڭغا خەيرخاھلىق قىلىۋاتقاندەك، ئاقيول تىلەۋاتقاندەك، ئۇنىڭ تۇنجى مۇۋەپپەقىيىتىنى قۇتلۇقلاۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى، بۈگۈن ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە ياراشقان قارمۇ ئاق، كىيگىنىمۇ ئاق، بىز بىر جۈپ كۆي خۇمار قەدىناسلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىزھارلىغان تىلەكلىرىمىزمۇ ئاق ئىدى...

ئىككىمىز قىزنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدۇق. شۇ تاپتا سۆيۈنۈش ئىچىدە قەلبىم دولقۇنلاپ، لېۋىمدىن مۇنۇ مىسرالار ئوقچۇدى:

قارمۇ ئاق، ئەڭنىگىمۇ ئاق، كۆڭلۈڭمۇ ئاق،
شان ـ شەرەپ بولسۇن ساڭا يار ھەممە ۋاق !

«ئاق بوز ئاتىم» ناملىق ناخشىدىن ھوزۇرلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئىجراچىسى بىلەن ئۇچرىشىش بىزنىلا ئەمەس، باشقىلارنىمۇ مۇشۇنداق سۆيۈندۈرسە كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلبۇلدەك يېقىملىق ناۋاسى بىلەن بۈگۈنكى شاۋقۇن - سۈرەنلىك دۇنيانىڭ جىددىيلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇۋاتقان بۇ قىزنى مەن كىچىكىدىنلا تونۇيتتۇم.

سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستى. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ دادىسى مەرھۇم تۇرسۇن مۇھەممەت ئاكا مېنىڭ سەنئەتكە ھەۋەسكار چاغلىرىمدىكى ئۇستازلىرىمنىڭ بىرى بولۇپ، 1957 - يىلى جىلىلىيۈزىگە كۆچكەن غۇلجا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارمىقىدىكى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ غوللۇق مۇزىكانتى ئىدى. تۇرسۇن ئاكا 1950 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئىلى ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكى، ئىلى ئوبلاستلىق ناخشا - ئۇسسۇل تىياتىرى، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىگەن، كېيىن ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالمىشىپ ئانا يۇرتى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن.

تۇرسۇن مۇھەممەت ئاكا قايسى سازنى قولىغا ئالسا شۇنى چالالايدىغان ھەممىدە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسىيالايدىغان، چاڭ چېلىشتا ماھىر سازەندە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەل ئىچىدە «تۇرسۇن چاڭ» دەپ ئاتالغانىدى. ئۇنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئون نەپەر پەرزەنتىدىن ئالتىسى ئاتا ئۇدۇمىنى ئىلىپ سەنئەتكار بولۇپ يېتىلدى. سەنۇبەر تۇرسۇن 1990 - يىلى مەن شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ چاڭ كەسپىگە قوبۇل قىلىندى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدىكى ناخشا ئېيتىش بويىچە ناھايىتى تېز كۆزگە كۆرۈنۈپ ناخشا كۆكىدە چاقنىغان چولپانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ قوشكېزەك ئىنىلىرى ھەسەنجان ۋە ھۈسەنجانلارمۇ ناخشا ئېيتىش ۋە تەمبۇر، ساتار چېلىش بويىچە ئىلى دىيارىدىكى خەلق سۆيۈنگۈدەك ماھىرلاردىن بولۇپ قالدى.

ئائىلىسىدىكى ئاشۇنداق قويۇق سەنئەت ھاۋاسى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىدىكى گۈل - گۈلىستان، باغۇ بوستانلىق مۇنبەت تۇپراقتا ياشاۋاتقان سەنئەتخۇمار خەلق ئاممىسىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇل، نەغمە - ناۋا، ئويۇن - كۈلكە، يۇمۇر - چاقچاقتىن ئايرىلالمايدىغان پىسخىك خۇسۇسىيىتى ۋە ئۈمىدۋار تەبىئىتى سەنۇبەرنىڭ سەبىي قەلبىگە ناخشا - سازغا بولغان

ئۆمۈرۋايەتلىك ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇردى. ئۇ باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن خەلق سەنئىتىنى ۋە خەلق ناخشىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەندى ھەمدە تۈرلۈك سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتنىشىپ «كىچىك ناخشىچى قىز» دەپ نام ئالدى. شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، بولۇپمۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتالايدىغان ھەم ناخشا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان كۆپ قىرلىق تالانتىنى نامايان قىلدى.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سەنۇبەر تۇرسۇن ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشا ئېيتىش سەنئىتىمىزدە ۋە ناخشا ئىجادىيىتىدە ئۆزىگە خاس يول تۇتقان، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى ياراتقان، ئەخلاق ۋە تالانتتا تەڭ يېتىلگەن، خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇشەررەپ بولالىغان؛ مۇھىمى ناخشىسى خەلققە ياققان، ئاۋامنى مۇڭلاندۇرالىغان، خەلق ئاممىسىنى سۆيگەن ھەمدە ئۇلارنىمۇ سۆيۈندۈرەلىگەن، تاماشىبىنلارغا بەدىئىي زوق، روھىي ھۇزۇر، خۇشاللىق ئاتا قىلىش بىلەن تەڭ ئۆزىمۇ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ۋە بەخت ـ سائادەت ھېس قىلالىغان، دەۋر ئېھتىياجىنى، خەلق تەلىپىنى توغرا تاپالىغان، ئارتىسلىق نېنىنى ھالال يەپ كېلىۋاتقان، ناخشىسىنىڭ پەقەت خەلققە يېقىشىنىلا كۆزلەيدىغان، رەشك ـ ھەسەتلەردىن گاڭگىرىمايدىغان، ماختاشلاردىن ئۆچۈپ كەتمەيدىغان، ناخشىچىلىقتا ئۆز مۇڭىنى يارىتىشقا ۋە ئۆزىنىڭ خاسلىقىنى ساقلاشقا ئەھمىيەت بەرگەن ئۈمىدلىك غەزەلخانلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا، ئۇ ياشلىقىدىلا ئۆز ناخشىلىرى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىكى مۇئەييەن ئورنىنى تىكلىيەلىدى، خەلققە روھىي ئوزۇق ئاتا قىلدى، خەلقنى شادلاندۇردى، رازى قىلدى، سەنئەتكارغا بۇنىڭدىن ئالىي بەخت ۋە مەرتىۋە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ناخشا ـ يۈرەكتىن ئۇرغۇغان چىن سۆز، چىن تۇيغۇ، چىن پىراق؛ ناخشا ـ مۇھەببەت سىرلىرىنىڭ، شاد ـ خۇراملىق، غەزەپ ـ نەپرەت، قايغۇ ـ ھەسرەت، ئارزۇ ـ ئارمان، پىغان، تېگىرقاش ۋە دەردۇئەلەملەرنىڭ ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىشى ياكى ئىنسانلاردىكى جۇشقۇن ئىچكى ھېسسىياتنىڭ ئاۋازلىق ئىپادىلىنىشىدۇر. ناخشا يۈرەكنىڭ ئەكس ساداسى، يۈرەك نىداسى، يۈرەك كۈيى ئىكەن، ئۇ ھالدا ناخشا يۈرەكتىن خۇددى تاغ باغرىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقان سۈپسۈزۈك ئۇيناق بۇلاق سۈيىدەك تەبىئىي بولىدۇقلاپ چىققاندىلا، دەۋر روھى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ رېئال ھاياتى ۋە رېئال مەنىۋىيىتىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ئاپتاپتەك مېھرى، ھالال تەرى ۋە ئەجىر ـ

مېھنىتىنى تۇپا - چاڭ ئارىسىغا كۆمۈپ، ئېكىنىنى پەرۋىش قىلىۋاتقان جاپاكەش دېھقانلارنىڭ ۋە باشقا ئەمگەكچىلەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرالايدۇ، ئۇلارغا قايىماقتەك ياقىدۇ.

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ناخشا - مۇزىكىسى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى، تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى، ئېستېتىكىلىق قارىشى ۋە پسىخىك خاراكتېرىگە ئاساسەن شەكىللەنگەن سەنئەت ھادىسىسى بولۇپ، تەبىئىي ھالدا شۇ مىللەت، شۇ قوۋمغا خاس ئۆزگىچىلىك، ئالاھىدىلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئاشۇ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىك ۋەجىدىن، بىز ھەرقانداق ناخشا ۋە مۇزىكىنى (مەيلى ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى ياكى زامانىۋى ئىجادىي ناخشا - مۇزىكىلاردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) بىر ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنى پالانى مىللەتنىڭ ياكى پوكۇنى دۆلەتنىڭ دەپ جەزملەشتۈرەلىشىمىز، پەرقلەندۈرەلىشىمىز، ھەتتا ھۆكۈم قىلالىشىمىز ئېنىق. مانا بۇ ناخشىدىكى ئۆزلۈك ۋە مىللەت خاسلىقىنى شەكىللەندۈرىدىغان تۈپ ئامىل.

ناخشا مۇھەببەت - نەپرەتنىڭ ياڭراق نىداسى، ئىشق - سەۋدالىقنىڭ ئاتەشتەك يارقىن مېلودىيىسى، ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانغا تولغان پىنھان ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ مۇزىكىلىق ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا پۈتكۈل ھاياتلىقنىڭ ئۇدارلىق، رىتىملىق تىنىقى ۋە ئاتەشتەك ھارارەتلىك تەپتىدىن ئىبارەت.

مېنىڭ پۈتۈن ئۆمرۈم — ھەۋىسىم، قىزىقىشىم، ئىشتىياقىم، مەكتەپ ھاياتىم، ئۆمەكتىكى ئەمەلىي پائالىيىتىم، ياشلىق دەۋرىم، ئومۇمەن ئەڭ نەۋقىران چاغلىرىم ئارتىسلىق سەنئىتى بىلەن، ناخشا - ساز بىلەن ئۆتتى. ئەمما، ئۆمۈر مەنزىلىم ئاتمىش تاغنى ساندىغان، ھەتتا ئاتمىش داۋاندىن ھالقىغان پەيتتىلا مەن ئاندىن ئاشۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتىمەنكى، ئاۋام خەلق ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى ئەبەدىلئەبەد سۆيىدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ، ئۇنىڭدىن مېھرىنى ھەرگىز ئۈزەلمەيدۇ، ھەتتا ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. خەلق بۆشۈكىدىن تارتىپ قۇلىقىغا سىڭگەن ئەنئەنىۋى خەلق ناخشىلىرىنى، جۈملىدىن ئۆز ناخشىلىرى قاتارىغا كىرگۈزگەن ۋە سۆيۈپ ئاڭلايدىغان سانسىزلىغان نادىر ئىجادىي ناخشىلارنى يەنىلا ئۆز پۇرىقى، ئۆز مۇڭى بويىچە ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، جانىجان، بىباھا ئون ئىككى مۇقامىنى، مۇڭلۇق يەرلىك مۇقام ۋە سەنەملىرىنى، تارىخنىڭ شاھىتى بولغان تەسىرلىك خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىلىش جەھەتتە يەنىلا ئەينى پېتى، خۇددى دېھقان نېنىدەك ھالال، ئاددىي، ئەمما تەملىك، تۇز، ئەمما ھېسسىياتلىق ئېيتىلىشىنى، خۇددى ئاۋام كۆڭلىدەك مەردانە، ئازادە، پاك، مۇڭلۇق ئېيتىلىشىنى چىن دىلىدىن خالايدۇ. ئۇنى ئارتۇقچە پەرداز ۋە سۇنئىي

جازىبىلەردىن، بىھۇدە رەڭ ۋە نەقىشلەردىن، ئۇششۇقتىن ـ ئۇششۇق چىرقىراق، زىيادە جاراڭلىق ۋە قوپال قىلىۋېتىشتىن خالىي ھالدا يېقىملىق ۋە ئۆز مۇڭ ـ زارى بىلەن ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق دېگەنلىك، خەلق يېڭىلىقنى يەكلەيدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، يېڭىلىقنى تېز قوبۇل قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىجادكار خەلق، بۇ ئۇزاق يىللىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتتىن كېلىپ چىققان ئىلمىي يەكۈن.

شۇڭا، بىز خەلق بەھرە ئالسۇن دېسەك، ئەنئەنىۋى ۋە ئىجادىي ناخشىلىرىمىزنى خۇددى جاڭجاللىشىۋاتقاندەك ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئەمەس، بەلكى مېھرىبان ئانىنى باغاشلاپ تۇرۇپ ئەركىلەۋاتقاندەك، سىرداش دوست ـ بۇرادەرگە دىلدىكى شادلىق ياكى خاپىلىقنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك؛ يۇقىرى ئاۋازلىق ياڭراتقۇدا چىڭقىلىپ تۈۋلىغاندەك ئەمەس، بەلكى دىلدىن سۆيگەن ئاشىقىنىڭ لېۋىدىن گۈل ئۈزۈۋاتقاندەك، مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ بوش ئاۋازدا، ئەمما ۋەزمىن تۇستە سۆيگۈ ئىزھار قىلىۋاتقاندەك ئېيتىشىمىز، ئۆز يارىغا ئەڭ شېرىن سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندەك، يىلىنىۋاتقاندەك، نالە قىلىۋاتقاندەك، ئوتلۇق نەپەس بىلەن پىچىرلاۋاتقاندەك قايناق ھاياجان بىلەن ئېيتىشىمىز، تاماشىبىنلارنىڭ قۇلىقىغا يېقىشلىق قىلىپ ئېيتىشىمىز كېرەك.

ناخشىچى ھەتتا ئۆز ناخشىسىنى «مەن سەھنىدە كۆپچىلىككە ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن» دېگەندەك تۇيغۇدا ئەمەس، بەلكى جامائەتكە يۈرىكىمنىڭ ئەڭ تېرەن قاتلاملىرىدىكى چىن يۈرەك سۆزلىرىمنى سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن دەيدىغان سېزىم ۋە ئاڭ بىلەن تەبىئىي ئېيتىشى لازىم. ئەمما، شەرت شۇكى، ناخشىچى ناخشىسىدىن ئاۋۋال ئۆزى تەسىرلىنىشى كېرەك؛ ئۆزى تەسىرلەنگۈدەك ئېيتالمىسا، ئۆزگىنىمۇ تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ؛ ئېيتقان ناخشىسى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ دىل تارىنى تىترىتەلىگەندىلا، ئاندىن باشقىلارنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتەلەيدۇ؛ ئەنە شۇ چاغدىلا ئېيتقان ناخشىسى كىشىلەرگە راھەت ۋە زوق بېغىشلىيالايدۇ. بىزنىڭ ئاتاقلىق پېشقەدەم ناخشىچىلىرىمىزدىن ئابدۇۋەلى جارۇللايوف، پاشا ئىشان، رابىيە مۇھەممەد، پاتەم قۇربان، جەمىلە قۇربان ۋە بۇ يەردە ئىسمى ئاتالماي قالغان بىر قىسىم ناخشىچىلار ناخشىسىنى ئەنە شۇنداق ئېيتىدۇ، سەنۇبەر تۇرسۇنمۇ ئەنە شۇنداق ئېيتىدۇ، شۇڭا، ئۇلارغا ھۆرمەت ۋە ئالقىش ئۈزۈلمەيدۇ. ئۇلار ئېيتمايدۇ، بەلكى سۆزلەيدۇ، ئاھاڭ بىلەن تېكىستنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق تۈۋلىمايدۇ، دېكلاماتسىيە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا جان كىرگۈزىدۇ؛ ئاۋازدىكى ياڭراق ئۇستۇنلۇكىگىلا تايىنىپ

زورمۇزور ۋەزىپە ئىجرا قىلمايدۇ، بەلكى تېكىست، ئاھاڭ، ھېسسىياتتىن ئىبارەت ناخشىدىكى ئۈچ ئامىلنى تەڭ گەۋدىلەندۈرگەن ھالدا، ئاھاڭ بىلەن تېكىستنى ئاڭلىغۇچىلارغا ئوچۇق بىلدۈرگەن ھالدا، كومپوزىتورنىڭ ئىجادىيىتىگە ئۆزىنىڭمۇ ئىجادىي ئەمگىكىنى قوشقان ھالدا كىشىلەر قەلبىگە مېلودىيىدىن ئىللىق ھارارەت ئاتا قىلىدۇ، ھەتتا ئوت ياقىدۇ؛ يەنە ناخشىنىڭ مۇڭىغا مۇڭ قوشۇپ ئاشۇ چاكىلداپ تۇرغان دىللارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرىدۇ، ئارام بېغىشلايدۇ. مانا بۇ — ناخشا، مانا بۇ — ناخشا ئېيتىش.

ياش كومپوزىتور سەنۇبەر تۇرسۇن سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشا - غەزەللىرىدىكى يەرلىك پۇراقنى، ئۇيغۇرغا خاس ئالاھىدىلىكىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەردى: ئىلى خەلق ناخشىلىرىنىڭ يۈرەككە تېگىدىغان ئەڭ نازۇك، ئەۋرىشىم، چىرايلىق ئەگىتمىلىرىنى، ناخشىنىڭ جېنى ھېسابلىنىدىغان مۇڭنى ئىزچىل قوغلاشتى؛ ناخشىدىكى قايناق ھېسسىياتنى ئىزدىدى، ئۇنى تېپىپ چىقىشقا، تاپقاندىن كېيىن ئەينى ھالدا ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە بۇ ئارقىلىق بۇ ئاھاڭلارنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە كەڭ خەلقنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا نائىل بولغان، تۆھپە ياراتقان پېشۋالارنىڭ ۋە تەڭتۇش كەسپداشلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ئارقىلىق پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان سەنۇبەرچە يولنى، سەنۇبەرچە ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ياراتتى. ئۇ ئورۇندىغان «ئايدىڭ كېچە» ۋە قۇمۇل خەلق ناخشىسىغا ئاساسەن ئۆزى ئۆزگەرتىپ ئىشلىگەن «ئاق بوز ئاتىم»، «گۈلمىدى، غۇنچەممىدى» قاتارلىق بىر تۈركۈم ناخشىلار ھەم بىر قىسىم ئىجادىي ناخشىلار كەڭ خەلقنىڭ سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ناخشىلىرىغا ئايلاندى. بۇ ناخشىلار ياش ناخشا ھەۋەسكارلىرىنىڭ سەنۇبەرچە ئېيتىشتا ئۆگىنىدىغان نەمۇنىلىك ناخشىلاردىن بولۇپ قالدى.

سەنۇبەر تۇرسۇننىڭ قولىمىزدىكى بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلگەن ۋە خەلق ئىچىگە كەڭرى تارقالغان ئىجادىيەتلىرىدىن: «سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن»، «قۇي پىيالىگە چاينى»، «گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ»، «خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ»، «ئادەملەر ئۇلۇغ» قاتارلىق ئوتتۇز يەتتە ناخشىسى ئۇنىڭ خەلققە سۇنغان ھەمدە كۈچلۈك كەسپچانلىقى، جاپالىق ئىزدىنىشىدىن ھاسىل بولغان خۇشاللىنارلىق تۇنجى سوۋغىتىدۇر. بىز بۇ پەزىلەتلىك، ئىجتىھاتلىق ياش كومپوزىتور ۋە غەزەلخاننىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ، كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇپ، ۋەتەن خەلقىنى، بۈگۈنكى يېڭى دەۋرنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ يېڭى ھاياتىنى

كۆيلەيدىغان نادىر ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشىنى، ئەلگە تېخىمۇ شېرىن مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان «قاناتلانغان كۆي» ناملىق بۇ توپلامنىڭ تۇنجى مۇخلىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سەنئەتكارنى قىزغىن مۇبارەكلەيمەن ھەمدە بۇ ياش كۈيچى بۇلبۇلنىڭ ئۆز كەسپىگە بولغان ئاتەشتەك مېھرى ۋە يالقۇنلۇق قەلبىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سەنئەت ئىجادىيەتلىرىگە تېخىمۇ زور ئۈتۈق تىلەيمەن.

2008 - يىلى ئاپرېل. ئۈرۈمچى

# ناخشام ئارىلىقىدىكى پاراڭ

بىرنەچچە ناخشىنى ئېيتىپ بولۇپ ئارىلىقتا ئارام ئالغاندا، بەزىلەر مەندىن تۇرمۇشۇم، كەسپىم توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى سورايدۇ. مەن قىسقىچىلا جاۋاب بېرىمەن. بۈگۈن مۇشۇ كىتابىم مۇناسىۋىتى بىلەن تاماشىچىلىرىمغا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈپ كەڭرەك مۇڭداشقۇم كېلىپ قالدى. شۇڭا بۇ يازمامنى ناخشام ئارىلىقىدىكى پاراڭ دەپ چۈشىنەرسىلەر.

ئۆزۈمنى تونۇشتۇرسام، مەن 1971 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئالتەشۇئار مەھەللىسىدە ئالتە ئوغۇلنىڭ كەينىدىكى تۇنجى قىز بولۇپ تۇغۇلغانىكەنمەن. شۇ كۈنى دادام خۇشاللىقىدا قوشنىلارنىڭكىگە ئۆيمۇئۆي كىرىپ قىز تۇغۇلغانلىقىمنى سۆزلەپ يۈرگەنىكەن.

ناخشا ئېيتىش، دۇتار چېلىشقا بالىلىق چېغىمدىلا ھەۋەس باغلىدىم ھەم ياخشى بىر مۇزىكا مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. ئېسىمنى بىلسەم، ئۆيىمىزدە دادام، ئاكاملارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى ياڭراپ تۇراتتى. ئاپام توم ھەم ئۇزۇن ئىككى ئۆرۈمە چېچىنى بېشىغا تۇرۇۋېلىپ تىنىماي تازىلىق قىلاتتى. ساراي ئۆيىمىزنىڭ تورۇسىغا ھەر خىل چالغۇلار قاتارىغا ئېسىقلىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى دادام ياسىغانىكەن. دۇتار - تەمبۇرلىرىنى دادامغا رېمونت قىلدۇرغىلى كەلگەنلەر، ياغاچلارنى ھەرىدەۋاتقان دادامنىڭ شاگىرتلىرى، دادامنىڭ چۆرىسىدە ئولتۇرۇپ دۇتارلارغا نەقىش قويۇۋاتقان بالىلار بىلەن ھويلىمىز بەئەينى بىر قايناق بازار ئىدى.

دادام 1960 - يىلىدىن بۇرۇن ئىلى ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدە، ئۆلكىلىك ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدە چاڭچى ھەم مۇزىكا يېتەكچىسى بولۇپ، كېيىن ئىلى ئوبلاستلىق تىياتىر ئۆمىكىنىڭ چالغۇچىسى ھەم چالغۇ ئەسۋاب ياسىغۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەنىكەن. دادام دۇتار، تەمبۇر، ساتار چېلىشتىن باشقا، قازاق خەلقىنىڭ دومبىراسىدىن موڭغۇلنىڭ توپشۇرىغىچە چالاتتىكەن ھەم ياسايدىكەن. چاڭ چېلىشتىكى ئۆزگىچە ماھارىتى، بولۇپمۇ ئون نەچچە پىيالىنى

تىزىپ ئىچىگە ئوخشاشمىغان مىقداردا سۇ قۇيۇش ئارقىلىق ئاۋازنى تەڭشەپ ئىككى چوكا بىلەن پىيالىلەر گىرۋىكىگە چېكىش ئارقىلىق چاڭ ئورنىدا چېلىش ماھارەتلىرى بىلەن ئىلىدا «تۇرسۇن چاڭ» دەپ ئاتالغانىكەن.

مەن ئۇرۇمچىگە خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، غۇلجىغا پات ـ پات بېرىپ دادامنىڭ ئۇلپەتلىرىنى يوقلاپ تۇردۇم. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ: «داداڭ تۇرسۇن چاڭ ياسىغان، قېنى چالغىنا» دەپ تامغا ئېسىقلىق دۇتارنى قولۇمغا بەرگىنىدە، دادامنىڭ بىرەر بەلگىلىرىنى تېپىۋالىدىغاندەك دۇتارنىڭ ھەممە يېرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن قاراپ كېتەتتىم ھەم بالىلىق چاغلىرىم يادىمغا يېتەتتى.

مەن شۇ چاغلاردا دادام ياساپ بەرگەن كىچىك دۇتارىمنى يەسلىدە، مەھەللىلەردە چېلىپ يۈرەتتىم. ھەر كۈنى بالىلار بىلەن يەسلىدىن يانغىنىمىزدا ئىشىك ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ مېنى تۇتۇۋېلىپ: «تۇرسۇن چاڭنىڭ قىزى دۇتار چېلىپ بەرمىسە قويۇپ بەرمەيمىز» دېسە، بىلىدىغىنىمنىڭ ھەممىنى چېلىپ بولۇپ، ئېتەكلىرىمىزگە تولدۇرۇپ بەرگەن ئالمىلارنى سانىشىپ بۆلۈپ، يەپ ماڭىدىغىنىمىز زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بەش يېشىمدىلا دادام ماڭا چاڭ چېلىشنى ئۆگىتىشكە باشلىغان. شۇ چاغلاردا «يار سېنىڭ دەردىڭ» دېگەن ئاھاڭلارنى دادامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ چاڭدا چالاتتىم. دادام ئاق كۆڭۈل، چاقچاقچى، باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدى، لېكىن كەسپكە كەلگەندە بالىلىرىغا تەلەپچان، قاتتىق قول ئىدى. مەن بەزىدە بىز بىر ئۆيلۈك بالىلارنىڭ سەنئەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز دادىمىزدەك كەسپكە پۇختا مۇزىكا يېتەكچىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكىنىمىزدىن بولغان دەپ ئويلايمەن. بىراق، بىزنىڭ ئائىلىدىكى مۇزىكا تەربىيىمىز ئۇزۇنغا بارمىدى.

بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چېغىم، بىر كۈنى سەھەردىلا ئۆيىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن قاتتىق يىغا ـ زاردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم ۋە ئەھۋالنى ئۇقۇپ مەنمۇ ھازىغا قوشۇلدۇم. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ مەن ئامراق ھەم ماڭىمۇ ئامراق دادامنى زادىلا كۆرەلمىدىم. دادام شۇ پېتى كۆز ئالدىمدىن غايىب بولۇپ كەتتى. مەن دادامنى ئىزدەپ ساراي ئۆينىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدىم. تورۇسقا ئېسىقلىق چالغۇلارنىڭ دەستىسىگە بىردىن ئاق لاتا باغلانغان، بۇلۇڭدىكى چاڭنىڭ يۈزى ئاق لاتا بىلەن يېپىلغان پېتى تۇراتتى. مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئۆيگە كىرىشتىن قورقىدىغان، دۇتارنىمۇ چالغۇم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ئورنىغا ئاپامنىڭ يىغا ـ زارى ئالماشقانىدى.

بىر كۈنى مۇئەللىم ماڭا مەكتەپتىكى پائالىيەتتە دۇتار بىلەن ناخشا

ئورۇندايدىغانلىقىمنى ئېيتتى. مەن جىلتامنى كۆتۈرۈپ ئۆيگىچە يۈگۈرۈپ كەلدىم ـ دە: «ئاپا، دۇتارنى ئېلىپ بەر، مەن ئويۇنغا قاتنىشىدىكەنمەن» دېدىم. ئاپام: «قايسى ناخشىڭىزنى ئېيتىسىز، قىزىم؟» دېدى دۇتارنى سۇرتۇپ ماڭا بېرىۋېتىپ.

«ئىشقىلىپ كونا ناخشىلىرىمنى ئېيتقۇم يوق، ــ دېدىم، ــ ئېلىپبە كىتابىمىزدىكى:

قوينۇمدىكى توقاچنى
سىيادان سىلىپ ياققان.
ئاتامدىن كىچىك قىلىپ،
مېھرىبان ئانام باققان.

دېگەن شېئىر بىلەن دادام ئۆگەتكەن

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن قايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاتاسىدىن ئايرىلمىسۇن.

دېگەن شېئىر بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشىشىدۇ. بۇنى ‹ئايىنىڭ بالىسى› دەيمۇ، دېگەن ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا سالسام نەقلا چۈشىدىكەن. بۇنى نەچچە كۈندىن بېرى ئويلاپ يۈرەتتىم، ئاخىر ئېيتىدىغان بولدۇم.»

بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ئاپام ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ناخشامنى ئاڭلاپ مۇئەللىملىرىممۇ بېشىمنى سىلىغىنىچە كۆزىگە ياش ئالغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ نېمىگە شۇنداق قىلىدىغىنىنى يەنە تازا ئاڭقىرالمايتتىم.

كېيىن رادىئونى ھەۋەس بىلەن ئاڭلايدىغان بولدۇم. ئۇ ئارقىلىق داڭلىق ناخشىچىلىرىمىز، چالغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىسمى ۋە ناخشا ـ مۇزىكىلىرى بىلەن تونۇشتۇم، ئۇلاردىن ئوزۇق ئالدىم.

مەرھۇم دادىمىزنىڭ روھى بىزنى يۆلىگەندەك ئۆكىلىرىممۇ قولىغا چىققانلىكى سازنى چالالايدىغان بولۇپ چوڭ بولغىلى تۇردى. بولۇپمۇ ئاكام نۇرمۇھەممەتنىڭ تەمبۇر بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىلىرىنىڭ رادىئودا كەينى ـ كەينىدىن ئاڭلىتىلىشلىرى بىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېغىشلىدى. بىز تېخىمۇ تىرىشىپ مەكتەپنىڭ، مەھەللىنىڭ كىچىك سەنئەتچىلىرى بولۇپ يېتىلىشكە باشلىدۇق.

ئۆيدىكى ئون بالىنىڭ ئارىسىدا ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىككى نەرسە تالاشتا قالاتتى. بىرى، يۈز يۇيىدىغان چۆگۈن، يەنە بىرى، دۇتار. بىچارە ئاپام ئونىمىزنىڭ ئۇششاق جېدىلىدىن چوڭغىنىچە ئايرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. پۈتۈن ئېغىرچىلىقىمىز بىرلا ئاپامنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئۇ بىزنى ئەقىل - ھوشىمىز بىلەن ساق - سالامەت قاتارغا قاتتى، شۇڭلاشقىمۇ مەھەللە - كوينىڭ ئاپامنى «قەھرىمان ئانا» دەپ تەرىپلىشى بىكار ئەمەس ئىدى.

1990 - يىلى مەن ھەم ئائىلىمىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىشلار بولدى: مەن مەملىكەتلىك ياشلار - ئۆسمۈرلەر مىللىي مۇزىكا مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ دۇتار چېلىپ ناخشا ئورۇنداشتا ئىككىنچىلىككە ئېرىشتىم ھەم شۇ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مەخسۇس چالغۇ كەسپىگە قوبۇل قىلىندىم.

مېنىڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. ئەمدى ماڭا ئۆزۈم ئۈچۈن، دادام ئۈچۈن ھەم ئاپامنىڭ تارتقۇاتقان جاپالىرى ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشىپ ئوقۇسام، بەدەل تۆلىسەم ئەرزىيدىغان پەيت كەلگەنىدى. مەن مۇنتىزىم سەنئەت تەربىيىسىگە ئېرىشكەندىن باشلاپ ھەرقايسى ئۇستازلارنىڭ كەسپىي دەرس ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەندىم. بولۇپمۇ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىم گۈلجەمىلە قادىرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە، تەربىيىسىگە ئېرىشتىم. ئىككىنچى يىللىق ۋاقتىم، بىر كۈنى شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئانا ھەققىدە يېزىلغان شېئىرىنى ئوقۇپ خۇددى ئاپام ئىككىمىز ئۈچۈن يېزىلغاندەكلا ھاياجانلىنىپ، يۈرىكىم پارتلاپ كېتەي دېدى ۋە بەش مىنۇت ئىچىدە ئۆزۈمنى باشقۇرالمايلا قالدىم. تېكىستتىن بىر ئاھاڭ چىقىۋاتاتتى. مەن بۇ ئاھاڭنى ھېلى يىتتۇرۇپ قويۇشۇمدىن ئەنسىرەپ ئۇنىئالغۇنى ئالدىراپ باستىم - دە، تۆت كۇپلېت ناخشىنى ئېيتىپ بىراقلا ئاخىرلاشتۇردۇم. مانا بۇ مېنىڭ تۇنجى ئىجادىي ئاھاڭىم، مېنى ئېكراندا تونۇتقان تۇنجى ناخشام — «سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن» ئىدى.

ئوقۇشنى تاماملاپ مەكتەپ رەھبەرلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىرىنچى ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر شىركىتى سەنئەت ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندىم. بۇ خەنزۇ ئۆمەك بولۇپ، كۆپىنچە خەنزۇ تاماشىبىنلارغا ئويۇن قوياتتۇق. مەن چاغدا خەنزۇچە، ئاھاڭلارنى ئورۇندايتتىم. ئۇيغۇر تاماشىبىنلار ئارىلىشىپ قالغاندا دۇتار بىلەن ناخشا ئورۇندايتتىم. ئويۇن قويمىغان چاغلاردا ئىشچىلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ئۆمەكتىكىلەرنى زاۋۇتنىڭ ھەرقايسى سېخلىرىغا تەقسىم قىلىۋېتەتتى. بىز ئىشچىلار بىلەن ئايلاپ بىرگە بولاتتۇق.

شۇنداق ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە غۇلجىدىن كەلگەن تېلېفون ئاۋازىدىن تۇيۇقسىز يۈرىكىم ئۆيگەندەك بولدى. دەرۋەقە، شۇم خەۋەر ئىكەن. مەن تېخى ئالدىنقى

كۆنلا تېلېفوندا پاراڭلاشقان، مېنىڭ پات ئارىدا غۇلجىغا بېرىشىمنى كۈتۈۋاتقان ئاپامنىڭ، چېچىنى سۈپۈرگە، قولىنى كۆسەي قىلىپ بىزنى چوڭ قىلغان ئاپامنىڭ بۈگۈن تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىشىم بىلەن بىر چىرقىراشتىن كېيىن قاقاقلاپ كۈلدۈم ـ دە، ھەممىنى ئۇنتۇدۇم...

ئېسىمنى تاپقان كۈنلەردە ئاپامنىڭمۇ راستىنلا ئۇ دۇنياغا كەتكىنىگە، دادام بار ئۇ ئالەمگە كەتكىنىگە ئىشەندىم. مېنى ياخشى ئوقۇسۇن دەپ ئۆي ئىشىغىمۇ سالماي، يالغۇز سىڭلىم مىنەۋەر بىلەن تىنىم تاپماي ئىشلىگەن ئاپامنىڭ شۇنچە كۆپ بالىنى بېقىپ، بىرمۇ بالىسىنىڭ راھىتىنى كۆرمەي ئۇ ئالەمگە كەتكىنىدىن ئىچىم لەختە ـ لەختە بولدى. مانا ھازىر يېشىم ئاپامنىڭ يېشىنى بېسىپ ئۆتكەنسېرى ئىچىمدە ئۆلگىيۋاتقان بىر ئوتنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

ھايات قالغانلارنىڭ ياشاش قانۇنىيىتى بويىچە مەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتۈم. ئامال قانچە؟

ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتتى. يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ھەربىي تۇرمۇش ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ھەربىي مەكتەپكە ئۆتكۈزۈلۈپ ياتاقلارغا تەقسىم قىلىندۇق. كىرىپلا ئۆگەنگىنىمىز ئورۇن ـ كۆرپىلىرىمىزنى سەرەڭگە قېپىدەك قىر چىقىرىپ تىزىش بولدى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتىن باشلاپ ھەربىي چېنىقىش باشلىنىپ كەتتى. زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ، بىر كۈنى بىزنى مەيداندا يېرىم سائەتتەك بەدەننى رۇسلاپ تىك تۇرغۇزۇپ قويدى (بۇمۇ بىر مەشىق تۈرى ئىكەن). ئون مىنۇت بولمايلا ئۇسسۇلچى قىزدىن ئىككىسى ھوشىدىن كەتتى. بۇلارنى كۆرگەن ئۆمەك رەھبىرى بىزگە تەيىنلەنگەن ھەربىي مۇئەللىمگە مېنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭمۇ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس، قايتىپ چىقسا بولاتتى» دېدى. ھەربىي مۇئەللىممۇ قوشۇلدى. مەن ئۇنىماي تۇرۇۋالدىم. ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك چىدايدىغىنىمنى سىناپ باقماقچىدىم، ئاخىر ۋاقىتنى تولۇق توشقۇزدۇم.

مۇشۇنداق قىلىپ ھەربىي مەشىقنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە تېخى قولىمىزغا قورال تارقىتىلىپ قارىغا ئېلىشنى ئۆگەندۇق. قارىغا ئېلىش ئىمتىھانىدا ھەربىرىمىزگە ئون پايدىن ئوق تارقىتىلىپ يىراقتىكى (قانچە مېتىرلىقى ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ) ئادەم شەكىللىك تاختىنىڭ ئوتتۇرىغا سىزىلغان چەمبىرەك ئىچىنى قارىغا ئالدۇق. مەن يەتتە پاي ئوقنى نىشانغا تەگكۈزۈپ تېخى ئۆمەك بويىچە مۇكاپاتلىنىپمۇ كەتتىم.

مانا مۇشۇنداق ۋاقىتلىق خۇشاللىقلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆز كەسپىمنى ئىزچىل قىلالمايۋاتقىنىم بىر مىنۇتمۇ ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدىغان ئارامسىزلىق ئىدى. بۇ خىل ياشاش يولى داۋامىدا پەيدا بولغان كۆزقاراش، ھېس ـ تۇيغۇلىرىم ئۆزۈمنىڭ ساددا دۇنيا

قاراشلىرىمغا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى شائىر ئابدۇرېھىم ئابدۇللانىڭ «ئانا ئەجرى» ناملىق تېكىستى ئاپامغا بولغان سېغىنىشىمنى قوزغىدى. ئىچىمدىن بىر قاتتىق يىغا چىقىۋاتاتتى. يىغىنىڭ ئاخىرى ئاھاڭغا ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئويلىدىم: ئىلھام دېگەن مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ بىردە قاتتىق مۇڭلانغاندا، بىردە قاتتىق خۇشال بولغاندا ئىلھام كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغان؛ بۇ ئىجادىيىتىم مېنىڭ پىغانىمنىڭ نەتىجىسىمىدۇ؟!

ناخشىلىرىمنى تېلېۋىزور، ناخشا پلاستىنكىلاردا ئېلان قىلىش ئارقىلىق كەيپىياتىمدىكى تۇراقسىزلىق، بۇرۇقتۇرما روھىي ھالەتلىرىمگە تەسەللى تاپقاندەك بولدۇم. ئارىدىن بەش يىل ئۆتتى. مەن مۇقام ئانسامبىلىغا يۆتكەلدىم. مانا ئەمدى خەلقىمىزنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى ئاھاڭ مەنبەسى بولغان ئون ئىككى مۇقامنى تولۇق ئاڭلاش، ئۆگىنىش، كېيىنكى ئاھاڭ ئىجادىيىتىم ئۈچۈن ئاساس سېلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم. رەھمەتلىك ئۇستازىمىز غىياسىدىن بارات ماڭا دائىم: «قىزىم، مۇقامنى ياخشى ئۆگىنىڭ، ئىجادىيىتىڭىزگە پايدىسى بار» دەيتتى.

خىزمەتكە چۈشۈپلا بىرنەچچە كۈندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۇيغۇر مۇقاملىرى مېلودىيىسى ئۇزۇن، بايقاش تەس بولغان مۇرەككەپ رىتىمغا ئىگە، ئەستە تۇتۇش قىيىنلىقى يۇقىرى بولغاچقا، ناخشىچىلار بىر مۇقامنى باشتىن - ئاياغ ئېيتىپ تۈگەتكۈچە ئاھاڭ ئالمىشىپ، ئۇدارلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىردەك بولماي ئوتتۇرىدا توختاپ قېلىپ، توغرا - خاتانى تاپقۇچە تالاش - تارتىشتىكى ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ھەم ناخشىچىلارنىڭ ئىلھامى ئۈزۈلۈپ، سۇسلىشىپ قېلىشتەك ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ خىل ئەھۋالنى، ۋاقىت ئىسراپچىلىقىنى پەقەت مۇقامنىڭ نوتىسى بىلەن تېكىستىنى تەڭ كۆرۈپ ئېيتقان چاغدىلا ھەل قىلغىلى بولاتتى.

ئون ئىككى مۇقام كىتابىدا نوتا قىسمى بىلەن تېكىست قىسمى ئايرىۋېتىلگەن بولغاچقا، ناخشىچىلارنىڭ كىتابتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى ئاز ئىدى. مەن دەسلەپتە ئۇششاق مۇقامنىڭ نوتىسىنىڭ ئاستىغا تېكىستىنى يېزىپ چىقتىم. كېيىن چەببىيات، مۇشاۋىرەك مۇقاملىرىنىڭ نوتىسى ئاستىغا تېكىستىنى يېزىپ چىقىپ مۇقامنى تېز ھەم توغرا ئۆگىنىشىمىز ئۈچۈن ناخشا گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قولايلىق بىر ماتېرىيال قىلدىم. بۇ جەرياندا مۇقامنىڭ نوتىلىرى، مۇقامنىڭ ئاھاڭ تۇرلىرى، نوتىلاردىكى ئىپادىلەش بەلگىلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتىم.

ئۆمەك رەھبىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يىلدا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىنى ئايلىنىپ ئويۇن قوياتتۇق. ھەر قېتىم سەھنىگە چىقىپ تاماشىبىنلىرىم بىلەن يۈز كۆرۈشكىنىمدە ئۇلار مېنى قىزغىن چاۋاكلىرى بىلەن قارشى ئالاتتى.

سەپەرلەردە چارچاپ، سالامەتلىكىم ياخشى بولماي قالغان چاغلاردىمۇ سەھنىگە چىقىپ دۇتارىمنى چېلىشىم بىلەن تەڭ ئۆزۈمدە غايىبتىن بىر كۈچ پەيدا بولاتتى. مەن ئۇلار تەلەپ قىلغان ناخشىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە تىرىشاتتىم. ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن بەزى تاماشىبىنلار ئۆزلىرى ئىشلىگەن ياستۇق قاپ، قولياغلىق، چىمەندوپپىلىرىنى ماڭا ئالايتەن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەسلەپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن سوۋغا قىلاتتى.

مەن ھاياجانلىنىپ كۆزۈمگە ئىسسىق ياش ئالاتتىم، ئەقىل - پاراسىتىنى كەشتە، گۈل نۇسخىلىرىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن بۇ ئۇلۇغ خەلقنىڭ سەنئەتكارى بولغىنىمدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتىم.

ھەر قېتىم ئويۇن سەپىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە مانا مۇشۇنداق ھاياجان ئىچىدە قايتىمەن. يۇك - تاقلىرىمىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ ئۆي - ئۆيلەرگە تارقىلىشقاندا، مەن دۇتارىمنى كۆتۈرۈپ، كۈندۈزدىمۇ چىراغ ياقمىساق يورۇمايدىغان، سۆگەت سايىسىنىڭ ئاستىدا زەي پۇراپ تۇرىدىغان ياتاققا كىرگىنىمدە كۆڭلۈمنى پەرىشانلىق چۇلغىۋالاتتى، ئىسسىق بىر قاچا ئۆي تامىقى يەۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. دەل شۇ چاغدا «مەشھۇر شەخسلەر، موزات» دېگەن كىتابتىكى «ھاياجانلىنىپ كەتكەن تاماشىبىنلار موزاتنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭغاندا ھېچكىم ئۇنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى، ئۆيىدىمۇ يېگۈدەك نەرسە يوقلۇقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى» دېگەن قۇرلار يادىمدىن كېچەتتى. «بىرنى بەرسە، بىرنى بەرمەيدىغان جاھان ئوخشايدۇ بۇ، ياسىداق ئايۋانلارنىڭ ئىچىدە ياشىغان بولسام، بەلكىم مېنىڭ تۇنۇگۇنكى خۇشاللىقلىرىم بولمىغان بولاتتى» دېگەن تەسەللىلىرىم بىلەن كۆڭلۈمنى ئەمىن تاپقۇزاتتىم.

ياتىقىمىز كۆرۈمسىز بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ياشايتتۇق. تاملىرىمىزنى تېشىپ كىرىپ چىقىپ يۈرگەن چاشقانلاردىن بىزار بولۇۋاتقىنىمىز ئېنىق، لېكىن بۇنىمۇ ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋالاتتۇق. بىر كۈنى مەن ساتارىمنى بېشىم تەرەپكە تىكلەپ قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن. يېرىم كېچىدە بۇلۇڭدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن چاشقان ساتارىمنىڭ يېنىدىن ھەربىر ئۆتكەندە سىمغا تېگىپ ساتاردىن ھەر خىل ئاۋاز چىقىپ تۇختىماپتۇ. بۇنىڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن ياتاقدىشىم، ناخشىچى تۇرسۇنگۈل قادىر ئاخىر مېنى ئويغىتىپ: «سەنۇبەر تۇرسۇن، قوپسىلا، چاشقان ساتارلىرىنى بەك چېلىپ كەتتى. سىلى قوپۇپ دۇتارلىرىنى تەڭكەش قىلسىلا» دېگەن گېپىدىن ئۇيقۇچىلىقتا تازا كۈلۈشۈپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەنىدۇق. ياتاقتىكى بىر يېرىم يىللىق ھاياتىمىزدا بۇنداق ئۇيقۇسىزلىق بىز ئۈچۈن دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. ئىشقىلىپ كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئىچىدىن

كۆچۈللۈك ئىشلارنى تېپىپ ياشاشنىمۇ ئۆگەندىم.

خىزمەتتىن سىرت چاغلاردا خەلق ناخشىلىرىنى پۇختا ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىكى نەپىس، نازۇك پۇراقلارنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە تىرىشتىم. پېشقەدەم ناخشىچىلىرىمىزدىن ئۆگىنىپ ئۇلارنىڭكىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆزۈمنىڭ ناخشا ئېيتىش ئالاھىدىلىكىمنى، پۇراق، شېۋىلەرنى ئىجادىي بېيىتىشقا ئەھمىيەت بەردىم.

1999 ـ يىلى «ئوتلۇق كېچىلەر» ناملىق تۇنجى VCD ناخشا پلاستىنكامغا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. بىر كۈنى بىر مېھماندارچىلىقتا ئالىملىرىمىزدىن ئىبراھىم مۇتئى، شۈكۈر يالقىن، ئىلياس ئەپەندىلەر بىلەن بىر داستىخاندا بولۇش مائا نېسىپ بولدى. ناخشىچىمىز ئىززەت ئىلياس مېنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى ـ دە، قولۇمغا دۇتارنى تۇتقۇزدى. مەن خىجىللىقتا بېشىمنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ دۇتارنى سازلىغان بولۇپ ئولتۇراتتىم. ئىبراھىم مۇتئى سۆز باشلىدى: «مەن ئەللىك يىل بۇرۇن ئۆزبېكنىڭ سەنۇبەر خانىمنى كۆرگەن، بۈگۈن بىزنىڭ سەنۇبەر قىزنى كۆرۈپتىمەن. ئىسمىڭىزنىڭ توغرا ئاتىلىشى ‹سەنۇبەر›، ھەرگىز سەنەۋەر ئەمەس، ‹سەنۇبەر› ئەرەبچە سۆز بولۇپ، قامەتلىك، قەددى كېلىشكەن، دېگەن مەنىلەردە، بۇنىڭدىن كېيىن نامىڭىزنى مۇشۇنداق توغرا ئىشلىتىڭ، بالام» دېدى.

مەن تۆۋەن ئاۋازدا ئارانلا: «ماقۇل، رەھمەت» دېيەلىدىم. كېيىن ئۇ: «ئۆلچەملىك ئۇيغۇر قىزى ئىكەن ـ دە» دېدى. مەن ئوڭايسىزلىنىپ دۇتار يۈزىگە چۈشۈۋالغان بىر ئۈزۈمە چېچىمنى كەينىمگە تاشلىدىم. ئۇ كىشى بەلكىم مۇشۇ ئۈزۈن چاچلىرىمغا قاراپ شۇنداق دېگەندۇ ياكى ئۇچامدىكى ئەتلەس كۆڭلىكىمگە قاراپ شۇنداق دېگەندۇ. دېمىسىمۇ، شۇ چاغدا مېنىڭ ئومۇمىي تۇرقۇم شۇنداق ئىدى. كىشىلىك ھاياتتىكى بەزى تاسادىپىيلىقلار سىزنى ئۇ خىل، بۇ خىل خىياللارغا باشلايدىكەن. بىر قېتىم چېچىمنىڭ پاسونىنى ئۆزگەرتىپ باققۇم كېلىپ، چېچىمنى كالتە قىلىپ كەستۈردۈم. شۇ چاغدا تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ خۇددى چۆچۈپ كەتكەندەك، ئەجەبلەنگەندەك ماڭا قاراپ كېتىشلىرى مېنى چۆچۈتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر قىش ياقامنى كۆتۈرۈپ چېچىمنى يوشۇرۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بۇ ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ ماڭا بولغان تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. ھەقىقەتەن، خەلق ناخشىچىسى ناخشىسىدىلا ئەمەس، بەلكى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىمۇ، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىمۇ، ھەتتا چاچ پاسونىدىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ ئوبرازىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك ئىكەن. چۈنكى، خەلق سەنئەتكارى شۇ خەلقنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. مانا شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆز ئوبرازىمغا تېخىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولدۇم. بارغانسېرى ھايات ھەققىدە ـــ تۇرمۇش، ئادەملەر، مۇھەببەت ھەققىدە مەزمۇنى چوڭقۇر تېكىستلەرنى تاللاپ ئوقۇغۇم كېلىدىغان بولدى.

بۇنداق تېكىستلەر ماڭا مۇزىكىلىق ئىلھام بېغىشلايتتى، خۇددى ئاھاڭنى ماڭا ئۆزى ئىڭىشىپ بېرىۋاتقاندەكلا تۇيۇلاتتى.

خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ:

گۇللەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر،
كۆنلەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر.
ئادەملەردىن رەنجىمە، كۆڭلۈم،
ئۆلارنىڭمۇ سەرخىلى باردۇر.

دېگەن تېكىستىنى دېكلاماتسىيە قىلغاندىكى ئىنتوناتسىيىسىنىڭ ئۆزى ماڭا بىر ئاھاڭ بولۇپ تۇيۇلدى ھەم شائىرىمىزنىڭ مارجاندەك سۆزلىرىگە قايىللىقىم ئېشىپ «ئادەملەر ئۇلۇغ» دېگەن ناخشىنى پۈتتۈردۈم. شائىر ئابلەت ئىسمايىلنىڭ تېكىستىدىن ئالغان مۇزىكىلىق ھېسسىياتىم بىلەن يۇرتقا بولغان مېھرىم، سېغىنىشىم بىرلىشىپ «ئانا يۇرت» دېگەن ناخشا ۋۇجۇدقا چىقتى. مانا مۇشۇ ئىلھاملار بىلەن «ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن»، «مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ»، «دوستلىرىم قەيەرلەردە»، «ۋەدەم بىلەن»، «ناخشا بولۇپ ياشاي يېنىڭدا»، «خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ» قاتارلىق ئون نەچچە ناخشىنى ئىجاد قىلدىم. شىنجاڭنىڭ قانداقلا يېرىگە بارسام، چوڭ ـ كىچىك سورۇن، مەشرەپلەردە، مەيلى كەسپىي ناخشىچىلار، مەيلى ھەۋەسكارلار بولسۇن، مەن ئېيتقان ناخشىلارنى ئېيتىپ، تارقىتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ ناخشا ئېيتقۇچى، ئاھاڭ ئىشلىگۈچىلا ئەمەس، ناخشا تارقاتقۇچى ئىكەنلىكىمنى، بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم مەسئۇلىيەتچان بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

كەسپىم توغرىسىدىكى تىنىمسىز ئويلىنىشلىرىم ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مەندىن ناخشا ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغىمۇ ئۆز كۆزقارىشىم بويىچە جاۋاب ئىزدەيدىغان بولدۇم.

بەزىلەر ماڭا: «سەنۇبەر، سىز چالغۇچىلىقتىن بىراقلا ناخشا كەسپىگە يۆزلىنىپ كەتتىڭىزمۇ؟» دەيدۇ. مەيلى ناخشىچى، مەيلى كومپوزىتور ئالدى بىلەن بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ بىرەر چالغۇ ئەسۋابىنىڭ بەلگىلىك ئىجراچىسى بولۇشى كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مۇقام، ئەلنەغمىلىرىمىز ئۇستا ساتارچى، تەمبۇرچى، قالۇنچىلىرىمىز ئارقىلىق ئىجاد قىلىنغان. «تاشۋاي»، «مېنىڭ راۋابىم»دەك مېلودىيىلەر ماھىر راۋابچىلىرىمىزدىن ئاپىرىدە بولغان. مۇزىكىلىق سېزىمگە باي داپچىلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن مۇرەككەپ ئۇداردىكى ئاھاڭلار تا مۇشۇ كۈنگىچە توغرا يېتەكلىنىپ

كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا بىر چالغۇنىڭ سەنئەتكارنىڭ ئاھاڭلارنى كۆپلەپ ئەستە تۇتالىشىدىمۇ رولى چوڭ. مەسىلەن، تۇردى ئاخۇن ئاكىنىڭ ئون ئىككى مۇقامنى يادىدا ساقلىيالىشىدىكى سەۋەبمۇ ساتار چېلىپ تۇرۇپ مۇقام ئېيتالايدىغىنىدىن بولغان دەپ ئويلايمەن. مەرھۇم كومپوزىتور غىياسىدىن باراتىنىڭ تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئىجاد قىلالىشى ھەم ئۇ ئاھاڭلارنىڭ خەلققە سىڭىپ، تارقىلىپ كېتىشىنىمۇ مەرھۇمنىڭ دۇتار، تەمبۇرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىيالايدىغانلىقىدىن ئايرىپ قاراش مۇمكىن ئەمەس. ناخشىلىرىمنىڭ خەلققە ئازراق يېقىپ قېلىشىدىكى سەۋەب: مەن تاللىغان تېكىست مەزمۇنىنىڭ خەلقنىڭ ئىدىيىسى بىلەن ئورتاقلىقى، تېكىست بىلەن ئاھاڭنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، ئاۋاز تۇسۇمنىڭ خەلققە يېقىنلىقى، مۇزىكىلىق ھېسسىيات ۋە يەرلىك پۇراقنى ئاۋازىمدا ئىپادىلىيەلىگەنلىكىم، ئاكام نۇرمۇھەممەتنىڭ سازنى يۇكسەك ماھارەت بىلەن ناخشىلىرىمغا تەڭكەش قىلالىغانلىقىدىن باشقا، يەنە ئۆزۈمنىڭ دۇتار چېلىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتالايدىغىنىمدىن بولغان دەپ قارايمەن. چاڭ بولسا مۇزىكا ۋە ئۇدار سېزىمىمنى ئاشۇرۇش، مۇزىكا ئىجادىيىتىمدىكى بەزى زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاش ھەمدە ناخشامغا تەڭكەش قىلىۋاتقان چالغۇچىلارنى ناخشامدىكى ھېسسىياتقا قانداق يېتەكلەپ ئەكىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مەلۇم ئاساسلارنى سالدى. چالغۇچىلىق ئاھاڭ ئىجادىيىتىم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەنبە، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق سەنئەت ھاياتىم راۋاجلىنىدۇ، كۈچىيىدۇ.

يەنە بەزىلەر مەندىن: «قانداق ناخشىنى تاللاپ ئېيتسام بولىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. مەن ئويلايمەن: ناخشىچى ئاۋۋال خەلقنىڭ نېمىنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بەدىئىي دىت يېتىلدۈرۈشى كېرەك ئىكەن. ناخشىچىدا يەنە ئاھاڭنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكىنى ئايرىيالايدىغان مۇزىكىلىق دىتنىڭ بولۇشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. يۇقىرىقى ئىككى تەرەپكە كومپوزىتور بىلەن شائىرغا تايانغىلى بولىدۇ، ئەمما مۇھىمى ناخشىنى قانداق ئورۇنداش؛ بۇنى پەقەت ناخشىچى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ناخشىچى ئۆزىدە ياخشى ئاۋاز شارائىتى، تېكىستنىڭ مەزمۇنىنى ئاھاڭغا سىڭدۈرۈپ، ناخشىدىكى ھېسسىياتنى ئۆز ئاۋازىغا بويسۇندۇرۇش قابىلىيىتى، نازۇك پۇراقلارنى ھېس قىلىپ ئاۋازىدا ئىپادىلەيدىغان يۇقىرى مۇزىكىلىق سېزىم، چالغۇچىلارنىڭ تەڭكەش قىلغاندىكى مۇزىكىلىق ھېسسىياتىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغان مۇزىكىلىق دىت بولۇشى كېرەك ئىكەن.

ياشلىرىمىزغا خەلق ناخشىلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاممىباب ناخشىلىرىنى تارقىتىش، سىڭدۈرۈش جەھەتتە ناخشىچىلار ئۆزلىرىمىز بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ئىكەنمىز. ئىلگىرى مېنىڭ ناخشىلىرىمنى چوڭلار ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەرلا ئاڭلايتتى. يېقىنقى

بىرنەچچە يىلدىن بېرى ياشلارنىڭ ئېغىزلىرىدىمۇ مەن ئېيتقان ناخشىلاردىن «ئاق بوز ئاتىم»، «خېتىڭ كەلدى، ئۈزۈك كەلمىدىڭ»، «گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ» قاتارلىق ناخشىلارنىڭ ئېيتىلىۋاتقانلىقىدىن خوش بولدۇم ھەم ئۇلارغا ناخشىلىرىمىزنى يەنىمۇ كۆپرەك سىڭدۈرۈش كېرەكلىكىنى ئويلىدىم.

ئانسامبىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭنى ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش ھەر يىلى تەكرارلىنىپ تۇراتتى. ھەر ۋاقىت ئۆز تاماشىبىنلىرىڭىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ تۇرۇشقۇ ياخشى ئىش، لېكىن سىزدە يېڭى بىر نەرسە بولمىسا، يۈكسىلىش بولمىسا، بىرنەچچە كونا ناخشىڭىز بىلەن دائىملا كۆرۈنىۋەرسىڭىز، سىز ھەرقانچە ئالتۇن بولسىڭىزمۇ قىممىتىڭىزنىڭ چۈشكىنىنى چۈشكەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا سەھنىنى زىلزىلىگە سالغان مەلۇم بىر كەسپداشىمىزنىڭ كېيىنكى بىر قېتىملىق ئويۇن داۋامىدا ئىككىلا ناخشا ئېيتىپ سۇس ئالقىش ئىچىدە سەھنىدىن چۈشۈشى ستراۋىنىسكىينىڭ: «مۇزىكانت بولۇپ ئاتالغان دەسلەپكى چاغلىرىمدا، ئاما مېنى ئەركىلىتىپ كاردىن چىقاردى» دېگەن سۆزلىرىنى يادىمغا سالدى ھەم ئۆزۈم ھەققىدە ئويلاندىم. پەقەت بىردىنبىر چىقىش يولۇم ئوقۇش ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، تەشكىلنىڭ رۇخسىتى بىلەن 2004 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭ مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتتىم. مەندەك تۇزۇك خەنزۇچە بىلمەيدىغان ئادەم ئۈچۈن بۇ بىر تەۋەككۈلچىلىك ئىدى. بېيجىڭغا بېرىپلا ئاۋۋال ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇ قىزلىرى بىلەن بىرلىشىپ مەكتەپكە يېقىن بىنالاردىن بىر يورۇش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ توققۇزىمىز ئۈچ ئېغىزغا ئۈچتىن بۆلۈندۇق. ھەممىسىدىن چوڭى مەن بولغاچقىمۇ ئۇلار مېنى ھۆرمەت قىلاتتى، خەنزۇچە «سەي نۇبېئېر» دېگەن ئىسمىمنى قىسقارتىپلا «بەي ئېرجيې» دەپ ئاتىشاتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا مەن ئۇلار بىلەن ھەركەت ۋە كۈلۈمسىرەش ئارقىلىقلا پىكىر ئالماشتۇراتتىم. گاھىدا ئۇلار مېنىڭ چېچىم، قاش ـ كۆزۈم توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى، مەن بولسام، كۈلۈمسىرەپلا قوياتتىم ھەم ئىجتىمائىي ئالاقىدە تىل ئۆگىنىشنىڭ ھەقىقەتەن زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ چوڭ كۆرۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشى، دىققەت ـ ئېتىبارى ئىچىدە ياشىغىنىم ئۈچۈنمۇ، قانداق، بۇ يەردە ئۆزۈمنى غېرىبلىق تۇتۇپ يېتىمسىراپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزۈمنى ئارام ئېلىپ قالغاندەك، بىر ئېغىر يۈكنى يەلكەمدىن تاشلىۋەتكەندەك سەزدىم.

مەكتەپ ھاياتى جانلىق ئىدى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى جۇڭگودىكى داڭلىق كومپوزىتور، ناخشىچى، مۇزىكانتلار بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇلاردىن ئالاھىدە پەخىرلىنەتتى، ئۇلارغا ھەۋەس قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى

ھەر ۋاقىت كۆتۈرەڭگۈ، كەسپىي نىشانى ئېنىق ئىدى. مېنىڭ ئىشلىرىممۇ تەرتىپكە چۈشتى. كۆڭلىرىمنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك بولدۇم. شۇنداقتىمۇ مەن دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس ئىدى. خەنزۇچىنى ئوبدان بىلمەيدىغىنىم ئۆگىنىشىمگە يەنىلا چوڭ توسالغۇ پەيدا قىلاتتى. تاماقلىنىش ئىشىمۇ بىر مەسىلە، يەنى مەن تاماققا تازا كۆنەلمىگەنىدىم، شۇڭا روھىي جەھەتتىمۇ، جىسمانىي جەھەتتىمۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقىنىم ئۆزۈمگە بىلىنىۋاتاتتى. ئوقۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق بىر غەيرەتكە كېلىشىم كېرەك ئىدى. ئۇياق ئويلاپ، بۇياق ئويلاپ بىر كۈنى كارىۋىتىمنىڭ بېشى تەرەپتىكى تامغا «سەنۆبەر، غەيرەت قىل» دېگەن خەتنى يوغان يېزىپ چاپلىدىم. ھەر قېتىم خەتكە قاراپ ئازراق روھلانغاندەك بولاتتىم. بىر ھەپتە ئۆتۈپ بۇ خەتنىڭمۇ رولى قالمىدى. ئەتىسى «سەنۆبەر، سەن ھەممىدىن كۈچلۈك سەنئەتكار» دېگەن خەتنى چاپلىدىم. ياتاقداشىم: «بەي ئېرجىيې، بۇ نېمە؟» دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا: «يادلايدىغان سۆزۈم» دەپلا قويدۇم. ئۇ: «ئازلا خەتكەنغۇ؟» دېدى. ئۇنىڭغا: «بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بەك چوڭقۇر، شۇڭا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ياخشى» دېدىم.

دۇتارىم بىلەن ناخشام قېتىلىپ ماڭا ئاستا ـ ئاستا جان كىرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۆلمەس تېكىستلەر ماڭا ئۆلمەس مېلودىيىلەرنى ئىنئام قىلىشقا باشلىدى...

قۇي پىيالىگە چاينى،
ئىچەيلى مۇڭدىشىپ بىردەم.
كېتەر ئىنسان، قالۇر دۇنيا
ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق ھەردەم.

شائىر ئابلىكىم ھەسەننىڭ بۇ تېكىستى كىچىك ۋاقتىمدىكى قوشاقلارغا ئوخشاش بىرلا ئوقۇشۇم يادىمدا قالدى. مىسرالارغا سىڭگەن ھايات ھەقىقەتلىرىگە قايىللىقىم ئاشقانسېرى بارماقلىرىم دۇتارىمنىڭ پەدىلىرىنى چىڭ ـ چىڭ بېسىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئىشقىلىپ كەسپىمگە بەرگەن قۇربانلىقلىرىم ئاشقانسېرى، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشقۇم كېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر ئاھاڭلىرىغا قىزىقىدىغان ئىككى پروفېسسور بىلەن پات ـ پات پاراڭلىشىپ قالاتتىم. ئۇلارنىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىس بولسىمۇ، مەن بىلەن پاراڭلاشقاندا ۋاقتىنى خېلى كەڭرى قويۇۋېتەتتى. بىر قېتىملىق پاراڭدا، پروفېسسورلارنىڭ بىرى: «20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن كېيىن ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى بىلەن يات ئاھاڭلارنىڭ ئەبجەشلىشىشى ئېغىر. سىزنىڭ

پلاستىنكىمىزدىكى ناخشىلارنى ئاڭلاپ مەن 60 - يىللاردىكى ھەقىقىي ئۆزۈڭلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بەلكىم ئۇيغۇر خەلقى سىزدەك ناخشىچىسىدىن سۆيۈنىدىغاندۇ» دېدى. مەن: «ناخشىلىرىمنى چوڭلار بەك ياخشى كۆرىدۇ» دېدىم. «مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ياشلارمۇ سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ، بۇ گېپىمگە ئىشىنىڭ» دېدى پروفېسسور. مەن ئۇلار بىلەن ھەربىر پاراڭلاشقاندا يېڭى گەپلەرنى ئاڭلايتتىم، ئۇمىدۋارلىققا تولاتتىم. ئۇلارنىڭ يەتمىش ياشتىن ئاشقىنىغا قارىماي ئالدىراش ئۆتۈۋاتقانلىقى، يەنە قىلماقچى بولغان نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، بىزنىڭ بەزى سەنئەتكارلىرىمىزدىكى ھورۇنلۇق، مەنمەنچىلىك، ئۆزىگە مەپتۇن بولۇپ يۈرۈش، ئاخىرى چىقماس ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئادەت تۇرمىسىدىن چىقالماسلىقتەك ئىللەتلەردىن ئۆكۈنمەي تۇرالمايتتىم. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن يەنە سەنئەتكارنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىش ۋاقتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، سەككىز سائەتلىكلا خىزمەت تۈزۈمىگە باغلىنىپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى، سەنئەتكارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئوزۇقى روھىي ئازادلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئۆز كەسپىمگە بولغان يۈكسەك ئىشەنچ ۋە ئېنىق مەقسەتلەر بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتتىم. سەنئەتكاردا ئۆزىنى كەسپكە بېغىشلاش، سەنئەت ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى كېرەك. ئولتۇراق ئۆيۈمنىڭ يوقلۇقىمۇ راست، مائاشىمنىڭ تۆۋەنلىكىمۇ راست، ئۇنۋانىمنىڭ يوقلۇقىمۇ راست... لېكىن، مۇشۇ قىيىنچىلىقلار ئۈچۈن قاقشاپ ئولتۇرۇشۇم كېرەكمۇ؟ ياق، مەندە بىر غەيرەت بولۇشى، جاسارەت بولۇشى كېرەك. جەمئىيىتىمىزدە يېڭىلىق يارىتىش، ئىگىلىك يارىتىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە، مەن مۇشكۇلچىلىكنىڭ چۈشكىدە نالە قىلىپ ئولتۇرسام بولمايدۇ. ۋەزىيەت سەنئەت ساھەسىدە يېڭى ئىسلاھات، زور بۆسۈشلەرنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىۋاتىدۇ. مەنمۇ نېمە ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ باقمايمەن. «ھەرىكەت — بەرىكەت». بىر ئىدارە رەھبىرى قول ئاستىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن تەڭ چىقالمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئۆزۈمگە كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى رەھبەرنىڭ، بىراۋلارنىڭ قىلىپ بېرىشىنى كۈتۈپ، ساقلاپ ئولتۇرماي ئۆزۈم ھەل قىلىشىم كېرەك. بۇ مېنىڭ نىشانىم ئىدى. شۇڭا ئالدى بىلەن خىزمەتتىن چېكىنىپ چىقتىم. ۋاقتىنى ئىلكىڭىزگە ئالغىنىڭىز ھاياتىڭىزنى ئىلكىڭىزگە ئالغىنىڭىز ئىكەن. ھەربىر كۈنۈمدىن ھەربىر يىلىمغىچە نېمە ئىش قىلىشىم كېرەكلىكى ئۆز ئىلكىمدىكى ئىش بولدى.

ئالدى بىلەن ئۆز ئىجادىيەتلىرىم ئاساسىدىكى «سېنىڭ ناخشاڭ» ناملىق ناخشا پلاستىنكام خەلققە تارقالدى. ناخشىلىرىمنىڭ ياشلاردىن كىچىك باللارغىچە سىڭىشى بۇ

پلاستىنكامدىكى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتىم بولدى. ئارقىدىن باشقا ئۆمەكلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئائىلىمىزدىن ئاكام ئالىمجان، سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ئىنىلىرىم ھەسەنجان ـ ھۈسەنجانلار بىلەن تەشكىللەنگەن بىزنىڭ جەمەت خاراكتېرىدىكى ناخشا كېچىلىكىمنى باشلىۋەتتىم.

ئاۋۋال ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ پەقەتلا بېرىپ باقمىغان يېزىلىرىنى، كېيىن غۇلجا شەھىرى ۋە ناھىيىلىرىنى، بورتالا قاتارلىق ئورۇنلارنى ئايلاندۇق. ئويۇن داۋامىدا تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىنى، ھېسسىياتىنى چۈشەندىم. خەلقىمىزنىڭ يەنىلا ئۆز سەنئەتچىمىزنى قەدىرلەيدىغان روھىنى كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ خۇش بولدۇم، خاتىرجەم بولدۇم.

كېچىلىكتىكى نومۇرلار نەق مەيداندا ئورۇندالغانلىقى ئۈچۈنمۇ قانداق، كەيپىيات باشتىن ـ ئاياغ ناھايىتى قىزغىن بولدى. تاماشىبىنلار بىلەن بىزنىڭ ئارىلىقىمىزدا تارتىنىش، قورۇنۇش پەقەتلا قالمىغان، كەيپىياتىمىز بىر ـ بىرىمىزگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى.

ھەيران قالغان يېرىم ئۇلار مەن ئېيتقان ناخشىلارنىڭ تېكىستلىرىنى يادقا بىلىدىكەن. بىر ناخشامنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىككىنچى ناخشامنى ئېلان قىلغۇچە تاماشىبىنلار ئۆزلىرى باشقا بىر ناخشامنىڭ تېكىستىنى باشلىۋالاتتى. كېچىلىكنىڭ ناخشا تەرتىپى ئاخىر تاماشىبىنلارنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈپ كېتەتتى:

ـــ سەنۇبەر خېنىم، «ئەسقاتارمەن ساڭا بىر كۈنى» دېگەن ناخشىلىرىنى ئوقۇپ بەرسىلە.

ـــ سەنۇبەر خېنىم، ئون بەش يىلنىڭياقى يۇرتىمىزغا ئاران بىر كەپلا، «يەنە يازغىچە كىم بار» دېگەن ناخشىلىرىنى بىر ئوقۇسىلا، سىلى يەنە كەلگۈچە كىم بار؟

ـــ «ئانا يۇرت»نى ئوقۇسىلا.

ـــ «ئاق بوز ئات»نى !...

بوينۇمغا شارپا ئارتقان قىزنىڭ: «سەنۇبەر ھەدە، سىزنىڭ خېتى كەلمىسىمۇ، ئۆزى باردۇر، بىزنىڭ بولسا خېتىمۇ يوق، ئۆزىمۇ يوق» دەپ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ چاقچاق قىلىشلىرى مېنى سۆيۈندۈرۈۋەتتى. ئاكام ئالىمجان ئىككىمىز ئورۇندىغان «ئەجەم»، ئىنىلىرىم ھەسەنجان ـ ھۈسەنجانلار ئورۇندىغان «دىل كۈيى»، «ئەۋرىشىم» قاتارلىق مۇزىكىلار كېچىلىككە جان كىرگۈزۈۋەتتى.

ھاياجانلانغان تاماشىبىنلار ئويۇن ئاخىرلاشقاندا بىزنى قورشىۋېلىپ ئوغلاق، پاقلان سويۇپ بىر كېچە مېھمان قىلىۋالغۇسى بارلىقىنى، ئەڭ بولمىغاندا بىر سائەت بولسىمۇ ۋاقتىمىزنى چىقىرىپ بېرىشىمىزنى ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالاتتى.

ئاتمىش مەيدان ئويۇننى مانا مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىزگە قىمىمىغان ھالەتتە ئاخىرلاشتۇردۇق.

بۇ مېنىڭ ئون بەش يىللىق سەھنە ھاياتىمدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەڭ مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان بىر يىلىم بولدى. يەنى خەلقنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش، ئۆزۈمنىڭ تاماشىبىنلار قەلبىدىكى ئورنۇمنى ھېس قىلىش، سەھنىدە جىددىيلەشمەسلىك، ئۆزۈمنى ئازادە تۇتۇش، تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىنى يېتەكلەش، ئاۋازىمنى چېنىقتۇرۇش، تاماشىبىنلار قايسى ناخشىنى تەلەپ قىلسا، شۇ ناخشىنىڭ تېكىستى ۋە ئاھاڭىنى دەرھال ئېسىمگە ئېلىپ ئورۇنداش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپ چېنىقتىم.

سەنئەتكار ئۈچۈن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھەقىقىي بىلىملەرنىڭ يەنىلا خەلق ئىچىدە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشتە مېنىڭ خەلق ئىچىدە تۇرغانلىقىم، ئۇلارنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىغا دىققەت قىلغانلىقىم، خەلق سەنئەتكارلىرىنى ئۆزۈمگە دوست تۇتقانلىقىم كۆپ ئەسقاتتى.

«ئۆزىدە تالانت بار كىشىلەرلا باشقىلاردىكى تالانتنى بايقىيالايدۇ» دەپ يازغىنىكەنمەن خاتىرەمگە. ئەنە شۇ تالانتلىق كىشىلەرنىڭ خەلق ئىچىگە سىڭىپ كەتكەنلىكىنى، شۇلارنىڭ رىغبىتى ۋە تەربىيىسى بىلەن مەندەك ناخشىچىلارنىڭ يۈكسىلىدىغانلىقى، شۇلارنىڭ ئالقىشى بىلەن سەنئەتكارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنىڭ ئاشىدىغانلىقىنىمۇ تونۇپ يەتتىم. ئۆزىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا سەھنىلىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن يۇقىرى ئاۋازلىق ناخشىچى، بىرىنچى ئاۋغۇست پولات ـ تۆمۈر شىركىتى تەڭرىتاغ خور ئۆمىكىنىڭ ناخشىچىسى گۈلنۇر ئابلىز بىلەن ئاۋاز ئىلمى ھەققىدە ئېلىپ بارىدىغان دائىملىق سۆھبەتلىرىمىز ئارقىلىق ساپ مىللىي ئاۋاز ئۇسلۇبىدىكى ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىغا بولغان تونۇشۇم بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئاھاڭنى پەيدا قىلغۇچى قورال. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل تاۋۇشى ئوخشىمىغانلىقتىن، ناخشا ئېيتىشتىكى ئاۋاز چىقىرىش ئۇسلۇبىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، ئىتالىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ تىلىغا ماس ھالدا ياۋروپا ئۇسلۇبىنى ياراتقان. ھىندىچە ناخشا ئۇسلۇبىمۇ ھىندى تىلى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر ساپ مىللىي ئاۋاز ئۇسلۇبىمۇ تىل تاۋۇشىمىز بويىچە پەيدا بولغان. ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ تىل شېۋىسى ئوخشىمىغانلىقتىن، يەرلىك پۇرىقى ئوخشىمايدىغان ھەر خىل يۇرت خەلق ناخشىلىرى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، قۇمۇللۇقلارنىڭ تىل شېۋىسى يۇمشاق بولغانلىقتىن، قۇمۇل ناخشىلىرى سىلىق ئاۋاز ئۇسلۇبىنى تەلەپ قىلىدۇ ھەم شۇ بويىچە ئېيتىلىۋاتىدۇ. ئىلىلىقلارنىڭ تىل شېۋىسى كەسكىن، ئۇرغۇلۇق بولغاچقا، ئاۋاز ئۇسلۇبى جەھەتتە جەڭگىۋارلىق، مەردانىلىك، قاتتىق ـ يۇمشاقلىق ئېنىق

بولۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبى شەكىللەنگەن.

خەلق ناخشىلىرىنى قانداق ئاۋازدا ئورۇنداش، ناخشىچىلىرىمىزنىڭ ساپ مىللىي ئاۋاز ئۇسلۇبىمىزدىن قانداق چەتلەپ كېتىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى بايقاشلىرىم، كېيىنكى چاغلاردا مۇزىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. ئاتاقلىق ناخشىچىلىرىمىزدىن پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، ئايشەم قەييۇم، رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا سالاھىدىن، ئوسمان ئەمەت، ئابلىز شاكىر، ھېيتەم ھۇسەيىن ۋە باشقا نۇرغۇن ناخشىچىلىرىمىز ساپ مىللىي ئۇسلۇبتىكى ناخشىچىلار. بۇلار ئۆزىمىزدە ئەزەلدىن بار بولغان ئاۋاز ئۇسلۇبىمىز بويىچە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ كەلگەن. ئۇلار ناخشىنىڭ تېكىستى ئارقىلىق ئاھاڭنى ئۆزىگە ئېگىلىۋېلىشنى، يەنى ئاھاڭنى تىلغا بويسۇندۇرۇشنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنىڭ تېكىستى ئېنىق ھەم راۋان. ئۇلارنىڭ گەپ قىلغاندىكى ئاۋاز تۇسى قانداق بولسا، ناخشىنىمۇ شۇ ئاۋازدا ئېيتىشتەك ئۆزلىرىدە تەبىئىي شەكىللەنگەن توغرا ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلى بولغانلىقتىن، ئاۋاز تۇسىنىڭ خاسلىقى يۇقىرى. ناخشىلىرىنى بىرلا ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كىملىكىنى تونۇۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار يەنە ناخشىلىرىدىكى پۇراق، مۇڭ، ھېسسىيات ۋە ئاۋازدىكى قاتتىق - يۇمشاقلىقنى تەبىئىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ ئاۋاز ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش ھازىرقى زاماندىكى ياش ناخشىچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى، ئەلۋەتتە.

يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىمىزنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى بويىچە، سوزۇق، ئۈزۈك تاۋۇشلارنى، تىل ئالدى، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلارنى ناخشا ئېيتقاندا قانداق ئىشلىتىش، تىلىمىزدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان ياپىلاق تاۋۇشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ئاۋاز چىقىرىش ئورگانلىرىنى توغرا ئىشلىتىش يولىنى تېپىش، ناخشا ئېيتقاندا تېكىستنى ئىملا قائىدىسى بويىچە ئەمەس، تەلەپپۇز قائىدىسى بويىچە ئورۇنداش قاتارلىقلار ناخشا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلارنىڭ بىردىنبىر ۋەزىپىسى.

ھەقىقەتەنمۇ ساپ مىللىي ئاۋاز ئۇسلۇبىنى ئىلمىيلىققا كۆتۈرۈپ شۇ يولدا ماڭغىنىمىزدىلا، دۇنيا ناخشىچىلىقىدىكى رەڭدارلىققا تەڭ ھۆسن قوشۇپ يالتىراپ تۇرالايمىز دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى دۇتارىمىز توغرۇلۇقمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلىگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ھەممىمىز بىلىمىز، تارىختىن بۇيان خەلق سەنئەتكارلىرىمىز دۇتارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل چېلىش ئۇسۇلى بويىچە ناخشىلىرىغا جور قىلىپ كەلگەن.

مىللىي سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شوئارى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇتار ئۇيغۇر سەنئەت مائارىپىنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتقان، ھېچقانداق ئىلمىيلاشمىغان، سىستېمىلاشتۇرۇلمىغان قەدىمىي چالغۇ ئەسۋابىمىز بولۇپ تۇرماقتا. ياۋروپا

كومپوزىتورلىرى مۇزىكا ئەسەرلىرىنى پىئانىنو ئارقىلىق ئىجاد قىلغىنىدەك، دۇتارمۇ ئۇيغۇر خەلقىگە تەۋە بولغان مېلودىيىلەرنى ئىجاد قىلىش، ئاھاڭلىرىمىزدىكى پۇراق - شېۋىلارنى ئىپادىلەش جەھەتتە خۇددى پىئانىنو بىلەن ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدىغان چالغۇ دەپ قارايمەن. ئاھاڭ ئىجادىيىتىمدە، ناخشىلارنى ئۆگىنىش، پىششىقلاشتا دۇتار مېنىڭ ئەڭ يېقىن ھەمراھىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بۇيان تونۇش - بىلىشلىرىمنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۆسمۈر باللاردىن بىر نەچچىسىگە دۇتار ئۆگەتمەكچى بولدۇم. ئالدى بىلەن نوتا بويىچە دۇتار پەدىلىرىدىكى ئاۋاز ئورنىنى بېكىتتىم، ئاندىن ئۇيغۇر ئاھاڭلىرى ئاساسىدىكى باللارغا خاس مەشىق ئاھاڭلىرىنى ۋە خەلق ئاھاڭلىرىنىڭ نوتىلىرىنى تۈزدۇم. ئاخىرىدا تارىغا ئوڭ قولنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئۇرۇلۇش بەلگىلىرىنى بېكىتتىم. بۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ دۇتار ئۆگىنىش ئۈنۈمى ئويلىغىنىمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى بولدى ھەم بىر يىلدىن ئارتۇق دۇتار دەرسى ئۆتۈش جەريانىدا دۇتارنى يەككە چېلىشتىن باشقا، خەلق ئاھاڭى ياكى ئىجادىي ئاھاڭنىڭ نوتىسىنى دۇتار ۋە باس دۇتارغا ماس قىلىپ يېزىپ دۇتار ئوركېستىرى بىلەن ئورۇندىغاندا، بۇ چالغۇنىڭ سەھنىدىكى ئورنى ۋە تاماشىبىنلارغا زوق ئاتا قىلىش كۈچى باشقىدىن نامايان بولغۇدەك دەپ ئويلىدىم. بۇ مېنىڭ سەنئەت ھاياتىمدىكى ئەمەلگە ئاشۇرسام دېگەن ئارزۇلىرىمنىڭ بىرى.

بەزى كىشىلەرنىڭ كېيىنكى نىشانى ئۆزى تۇرۇۋاتقان مۇھىت - شارائىت ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزگىرىپ مېڭىپ ئاخىر تۇراقلىشىدىكەن.

ناخشىلىرىمنى سۆيۈپ ئاڭلاۋاتقان تاماشىبىنلىرىمدىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر ناخشا - مۇزىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يۇرتىمىزغا كېلىپ ئالايىتەن مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، ناخشا پلاستىنكىلىرىم ئارقىلىق مېنىڭ بىلەن تونۇشقانلىقى، ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىم، دۇتار چېلىش ئۆزگىچىلىكىم، ئاھاڭ ئىجادىيىتىمگە بەرگەن ئۇلارنىڭ باھالىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ يۈكسەك ئارمانلارنى كېيىنكى نىشانىم قىلىپ قەلبىمگە پۈكتۈم.

ئەنگلىيە لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورى، ئۇيغۇرشۇناس راچېل ھاررېس (Rachel Harris) خانىمنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئايلىنىپ كېلىپ ئالايىتەن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ: «سەنۇبەر، سىزگە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي، ئۇيغۇرلار ھەرقانداق مەشرەپ - سورۇنلىرىدا سىز ئېيتقان ناخشىلارنى ئېيتىدىكەن، ھازىرقى ئۇيغۇر ناخشىچىلىقىدا ئورنىڭىز تولىمۇ يۇقىرى ئىكەن» دېگەن سەمىمىي سۆزلىرى، تەيۋەندىكى مەلۇم بىر ئۈن قويۇش شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى ناخشىلىرىمنى ئاڭلاپ: «ئايالار ئىچىدە ئۆزى ساز چېلىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتالايدىغان، ئاھاڭ ئىجاد قىلالايدىغان سىزدەك سەنئەتكار

ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار بىرىنەچچىسى بىرلىشىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىنى ئايلىنىپ ئويۇن قويۇپ ئۆزىدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقنى، ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىنى نامايان قىلىشىدۇ. سىز ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن» دېگەن تەكلىپى، شەرق مۇزىكا تەتقىقاتچىسى، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ تەكلىپلىك پروفېسسورى ماۋ ئەپەندىنىڭ: «ئاۋازىڭىزدا يۇراق، مۇڭ ئىنتايىن قويۇق ئىكەن، سىز ھازىر قانچە كۆپ ناخشىلارنى ئېيتىپ قالدۇرسىڭىز شۇنچە ياخشى، كېيىنكى چاغلاردا ئۇيغۇر ناخشىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشتا ئۇنىڭ ماتېرىياللىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ» دېگەندەك تەكلىپلىرى ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچنى كۆچەيتتى.

ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ غەيرەتنى ئۇرغۇتىدىكەن، سىزدە يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى ئارزۇلارنى پەيدا قىلىدىكەن. ئىشقىم، مۇھەببىتىم باغلانغان ئاتا مىراس كەسپىم بىلەن كۆنلىرىم ئىنتايىن مەنىلىك داۋملىشىدۇ. كۆڭلۈمگە يۈككەن ئارمانلىرىم ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزۈمنى قەدىرلەشكە ئىنتىلىمەن.

كولدۇرما ئاۋازى يېگانە،
مىڭئۆيلەر تەۋرىمەي تۇرار نۇرانە.
مۇقاملار ئون ئىككى تارام سۇ،
ئاقتى قۇملار، ئاقتى زامانلار.

قەلبىمنى لەرزىگە سالىدىغان بۇنداق مىسرالار ئۆزى ماڭا غىڭشىپ بېرىۋاتقان مېلودىيىلەرنى يۈرىكىم بىلەن ئېيتىپ ياشىسام دەيمەن.

مانا ئون بەش يىل ئىچىدە ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئاھاڭنىڭ ئىگىسى بولۇپ قاپتىمەن. ئىجادىيەتلىرىمنى كىتاب يۈزىگە چۈشۈرۈپ، ئاۋۋال ماڭا سەنئەتنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرغان دادام تۇرسۇن چاڭغا، بالىلارنىڭ جاپايىنىلا تارتىپ ھالاۋىتىنى كۆرمىگەن ئاپام رىسالەتكە بېغىشلىغۇم، كۆيلىرىمنى قاناتلاندۇرغان سۆيۈملۈك خەلقىمگە سوۋغا قىلغۇم، ئۆزۈمنىڭ ئوتتۇز ئالتە يېشىمغا خاتىرە قىلغۇم كەلدى.

مانا بۇ كىتابىم مۇناسىۋىتى بىلەن ئوقۇرمەنلىرىمگە، ئىخلاسمەن ئاڭلىغۇچىلىرىمغا ئېيتىۋالغان ئاددىيغىنا يۈرەك سۆزلىرىم. تېكىستلىرى ئارقىلىق ماڭا مۇزىكىلىق ئىلھام بەرگەن شائىرلىرىمىزغا، مېنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

# قانداق قىلارمەن

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




48
53
57
61
65
69
74
78
82
86




(1993 ـ يىلى 1 ـ مارت)

## ناخشا تېكستى

ياشايمەن دۇنيادا سېنى دەپ، ئانا،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن.
يۈرىمەن بىر سېنىڭ غېمىڭدە مانا،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن.

كەتكىلى بولسا ئەدى ئۆلۈمنى تاشلاپ،
كېتەتتىم يىراققا سېنى ھاپاشلاپ.
نە چارە، يۈرىمەن كۆزۈمنى ياشلاپ،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن.


كېتىدۇ بېشىمنى سىلىغان قولۇڭ،
كېتىدۇ ماغزاپقا چىلىغان قولۇڭ،
ئەمدى يوق ھەممىگە چىدىغان قولۇڭ،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن.

ئانامنىڭ دېگەنتىم تاپقان پۇلۇمنى،
ئانامنىڭ دېگەنتىم كىيگەن تونۇمنى،
ئانامنىڭ دېگەنتىم تۇتقان يولۇمنى،
سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن.

# ئىلتىجا

ئەركىن ئوبۇلقاسىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1993 - يىلى 14 - ئىيۇن)

## ناخشا تېكستى

قۇلىقىڭغا ئاھلىرىم يەتمەي،
پىغان يۇتۇپ يۈرىمەن ھامان.
ساھىلىڭدا سەرسانە سۆيگۈم،
ۋىسال كۈتۈپ يۈرىمەن جانان.


دېرىزەڭدىن مارايمەن ھەر تۈن
گۈل ياپرىقى ئارىلىرىدىن.
سەزمىدىڭمۇ تەشنالىقىمنى
يۈرىكىمنىڭ سادالىرىدىن.

ئىشقىڭ ئورناپ قەلبىم تۆرىگە،
قىلدىڭ مېنى ئۇيقۇدىن بىدار.
ئارمان بىلەن يۈرىمەن ساڭا
قىلالماستىن سۆيگۈمنى ئىزھار.

قايسىبىر كۈن سەنمۇ سىرتلارغا
دېرىزەڭدىن بىر باقارسەنمۇ؟
كۆرۈپ سۆيگۈڭ مەستانىسىنى،
يۈرىكىمنى خۇش قىلارسەنمۇ؟

# ئەلۋىدا يار

ئەركىن ئوبۇلقاسىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1993 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇن)

## ناخشا تېكستى

سۆيدۇم سېنى دىلدىن دېسەڭ،
بەرگەنىدىم مېھرىمنى مەن.
ساڭا بەخت ئىزلەر ئىدىم
ھەر چاغ ئوتلۇق سۆيگۈم بىلەن.

مەن شام بولسام، سەنكى گويا
پەرۋانىدەك كۆيەر ئىدىڭ.

قېنى ئەمدى بىۋاپا يارىم
بەرگەن شېرىن ۋەدەلىرىڭ؟

ۋاپاسىزلىق قىلىپ ئاخىر
مېنى قويدۇڭ ئازابلارغا.
ئاشۇ شېرىن ئەسلىمىلەر
كەتتى ئەمدى قاياقلارغا؟

ئەلۋىدا يار، ئەلۋىدا يار، ئەلۋىدا،
دىلتارىمنى چەكمە ئەمدى.
يۈرەكىمدە ئۆچتى نامىڭ،
مەندىن ئۈمىد كۈتمە ئەمدى.

# بىراق

كەرىمە ئابدۇللا شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1993 ـ يىلى 16 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

يېتەرسەن قەدرىمگە كېچىكىپ بىراق،
ئۆچكەندە قەلبىمدە ئۈمىدتىن چىراغ.
تۇرارسەن شۇ مەغرۇر قەددىڭنى ئېگىپ،
سۆيگۈمنىڭ قەبرىسىن باسقاندا شىۋاق.

باغاشلاپ قەبرەمنى يېقىپ باغرىڭنى،
يىنىشلاپ سۆيەرسەن قىينىسا پىراق.
ئېھتىمال بۇ ئىشلار كەلمەس يادىڭغا،
ھازىرچە سەن تېخى ئازابتىن يىراق.

# ئىشەنگىنىم گۇناھمۇ

ئەركىن ئوبۇلقاسىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1993 ـ يىلى 8 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى


مۇھەببەتتىن خەۋەرسىز چېغىم،
دىلخانامغا كىرگەنىدىڭغۇ.
ۋەسلىم ئۈچۈن جان پىدا بولۇپ،
ئوتلىرىمدا كۆيگەنىدىڭغۇ.

ئاتالغاندا پاك سۆيگۈم ساڭا،
ئوشۇقچە يۈك كۆرۈپسەن ئۇنى.
خارلاپ ئىشقىم — چىن ئەقىدەمنى،
تۈگىمەس دەردكە تاشلىدىڭ مېنى.

بىلمەي سېنىڭ ساختا ۋەدەڭگە
ئىشەنگىنىم گۇناھ بولدىمۇ؟
مۇھەببەتتىن تارتقان دەردىمگە
ساختا سۆيگۈڭ پاناھ بولدىمۇ؟

# ئالدانغان ئەقدە

ئەركىن ئوبۇلقاسىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى





62
68
74
80
86
92
98
104
110
116
122




(1994 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال)

## ناخشا تېكستى

ئاشۇ چاغ كۆيدۈم دەپ ئاھ ئۇرغانلىرىڭ
ساختىلىق ئىكەن، بىلدىم ئەمدىلا.
پاك سۆيگۈم، شۇ چىن ئەقىدەم
ئاتالغاندى پەقەت ساڭىلا.


مۇھەببەت ئوتىنى ياققانتىڭ دەسلەپ
سۆيگۈدىن بىخەۋەر سەبىي دىلىمغا.
ئاخىر شۇمبۇيا ئۇندۇردۇڭ يەنە
تۇنجى رەت باسقان سۆيگۈ يولۇمغا.

ئالداندى ئەقىدەم، خارلاندى سۆيگۇم،
سەندىن شۇ يالداما بوپقالدى ماڭا.
ئەلەمدە دەريادەك ئاقسىمۇ ياشىم،
يەنلا بەخت تىلەيمەن ساڭا.

# سارغايغان ياپراق

ئەركىن ئوبۇلقاسىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1994 ـ يىلى 7 ـ فېۋرال)

## ناخشا تېكستى

سولدۇردۇڭ، ئەي جانان، سۆيگۈ گۈلۈمنى،
بولدۇم مەن ئاخىرى سارغايغان ياپراق.
سەن مېنىڭ تەقدىرىم، ئاھۇزارىمنى
بەرگىدىن ئاجرىغان گۈلدىن سوراپ باق.

جۇدۇندا سارغايغان ئاجىز بىر ياپراق
باغرىمدا تېڭىقلىق تۇرار يەنىلا.
ئۆتكۈسى بۇ ئۆمرۈم مېنىڭ مۇشۇنداق،
چىن دىلدىن سۆيگەچكە پەقەت سېنىلا.

# ئاي بىلەن قىز

مۇھەممەت رەھىم شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




41
45
49
53
57
61
65
69
73
77


81
85
89
93
97
101
105
109
113
117




(1994 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر)

## ناخشا تېكستى

ئاي دېدى: ئەي دىلرەبا، راستتىن ساڭا ئوخشامدىمەن؟
ئوخشىسام، سەندەك گۈزەلگە خۇش چىراي ئاچامدىمەن؟

قىز دېدى: ئالغانىكەن ئەندىزىنى سەندىن ئانام،
بولمىسا، ھۆسنۈم بىلەن سەندەك جۇلا تاشلامدىمەن؟

ئاي دېدى: باغرىم قانامدۇ ئايدا ئون بەش كۈن كۆرۈپ،
كۆرمىگەن تۈن ـ كېچىلەردە كۆزلىرىم ياشلامدىمەن؟

قىز دېدى: كۆكسۈڭنى كەڭ تۇت، بۇ ساڭا باقىي جاھان،
ئېيتقىنا، ئالەم ئارا سەندەك ئۇزۇن ياشنامدىمەن؟

# ھاياتلىق پەرىشتىسى

ئابلىكىم ھەسەن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(1996 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىر)

## ناخشا تېكستى

(ئادالەت قاسىمنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تەۋەللۇت كۈنىگە ناخشا)

رەھمەت دەيمىز تەڭرىگە مىڭ رەت،
كۆزلەر تىكىپ كۆككە — ئەرشكە.
ئەۋەتتى ئۇ ۋۇجۇدى ئاتەش،
قولى شىپا سىزدەك پەرىشتە.


ئەجرىڭىزدىن يۈكۈندى چوققا،
سۆيگۈڭىزدىن نۇرلاندى دۇنيا.
سىز ئەمەسمۇ شىر يۈرەك ئانا،
ياراشتىڭىز ئەجەب ئۇيغۇرغا.

بۈگۈن كېچە «ئەخمەتجان قاسىم»
چۈشىڭىزگە كىرگەي گۈل تۇتۇپ.
دەيدۇ چوقۇم «كۆز نۇرۇم قىزىم،
يەرلىكىمدە ياندىڭ شام بولۇپ».

# مەرىپەت ئىزدە

ماخمۇت مۇھەممەت شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكسى





(1996 - يىلى 12 - ئىيۇل)

## ناخشا تېكستى


مەرىپەت ئىزدىگىن، ئۆگەنگىن، دوستلار،
بىلىم ئاشىقى ئەجدادتىن ئۆگەن.
بىلىم ئىلكىدە كائىنات سىرى،
بىلسەڭ ھۆرۈنلۇق ئەقىلغا يۇگەن.


نەزەر سال دۇنياغا ساۋاقلار سانسىز،
خورلۇقتا قالۇر ساپاسىز مىللەت.
نادان دىللاردا يانمايدۇ گۈلخان،
بىلگىن نادانلىق خەتەرلىك ئىللەت.

قۇياشقا ئوخشار ئىلىم ـ مەرىپەت،
نۇرى ياشنىتار ھاياتىمىزنى.
ئۆگەنگىن ـ ئۆگەن، تىرىشقىن ھارماي،
يېڭى بىر ۋىسال كۈتمەكتە بىزنى.

# ئانا ئەجرى

ئابدۇرېھىم ئابدۇللا شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




46
50
1.
55
2.
f
60
65
mf
1.
70
2.
74
78
83
mp
87
f




(1997 ـ يىلى 1 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

تىترەيدۇ كۆڭۈلۈم قەلبىم تارىسى،
جان ئانا، قىزىڭ مەن باغرىڭ پارىسى.
سېنىڭمۇ ياشارتسام بارمۇ چارىسى،
بۆيرۈگەن ئۆزۈڭدىن مەلھەم ياساي مەن.

ياش ئىدىڭ قۇرغۇيدەك سەنمۇ بىر چاغدا،
قېرىدىڭ پەرزەنتىڭنىڭ پىراقى ـ داغدا.
يۈردۈڭ گاھ قايىنامدا، گاھىدا تاغدا،
گۈل بولغىن، جان ئانا، سېنى قىساي مەن.

مۇھەببەت، ۋاپادا ھەممىدىن باي سەن،
بەللىرىڭ مۈكچەيدى، سەن يەنە ئاي سەن.
مېنى بار قىلغان سەن مېنىڭ ئانام سەن،
يۈلتۈزدىن بوينۇڭغا مارجان ئاساي مەن.

كەپتەردەك ياندۇردۇڭ تاڭلايلىرىڭدىن،
تەر ئەمەس، ئاقتى سۈت ماڭلايلىرىڭدىن.
مېنى دەپ كەتتىڭغۇ دەرمانلىرىڭدىن،
كەل، ئانا، باغرىمغا بىردەم باساي مەن.

# قوۋي پىيالىگە چاينى

ئابلىكىم ھەسەن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




47
52
57
fp
63
fp
68
73
1.
2.
mf
78
83
88
1.
mf
2.
f
93




(1999 ـ يىلى 7 ـ يانۋار)

**ناخشا تېكستى**

قۇي پىيالىگە چاينى،
ئىچەيلى مۇڭدىشىپ بىردەم.

كېتەر ئىنسان، قالۇر دۇنيا،
ئۆلۈمنىڭ كۆزى يوق ھەردەم.

سۆيگۈنى، خۇشاللىقنى
قوي پىيالىگە لىقلاپ.
دىدارلاشقاندا چاي قويساڭ،
كەتمەمدۇ يۈرەك يايراپ.

ئۇنى دەيدۇ، بۇنى دەيدۇ،
دەرد تۆككەنگە يەتمەيدۇ.
تەڭ يىغلاپ دوستلار بىلەن،
تەڭ كۈلگەنگە يەتمەيدۇ.

# سېغىندىم، ئانا

ئەخمەت ئىمىن شېئىرى

سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




41
45
49
53
f
57
61
mf
65
f
69
mp
73
77




(1999 ـ يىلى 7 ـ مارت)

## ناخشا تېكستى

سېغىندىم، ئانىجان، سېغىندىم سېنى،
سېغىندىم، جان ئانا، ئوتلۇق مېھرىڭنى.
قارايمەن ئەتراپقا تەلمۈرۈپ دائىم
كۆرەرمەن قاچانمۇ ئىللىق چېھرىڭنى.

گاھىدا تولۇن ئاي ئوغلۇڭنى يوقلاپ
دېرىزەم ئۈستىدىن ئۆتىدۇ قاراپ.
ھۆسنىدىن، جان ئانا، سېنى كۆرىمەن
شۇ چېھرىڭ ئالدىدىن كەتمەس ھېچ تاراپ.

ئەسلىسەم، ئانىجان، سېنى ھەر دائىم،
بوينۇڭغا ئېسىلىپ سۆيگۈم كېلىدۇ.
سەن بىلەن تەڭ ياشاپ، تەڭ ياشناپ دائىم،
يېنىڭدىن ئايرىلماي يۈرگۈم كېلىدۇ.

ئەسلىسەم، ئانىجان، سېنى ھەر دائىم،
باغرىڭغا بېشىمنى قويغۇم كېلىدۇ.
يۈز يىللاپ ئۆمۈر كۆر، جانىجان ئانا،
مەڭگۈگە بالاڭ بوپ يۈرگۈم كېلىدۇ.

# كۆتەلمەن

جاپپار ئەمەت شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




37
mf
41
45
1.
2.
49
mf
53
57
1.
f
61
mf
65
f
69
1.
2.
f
73




(1999 ـ يىلى 19 ـ ئاۋغۇست)

## ناخشا تېكستى

ساڭا ئېيتار سۆزلىرىم كۆپتۇر،
ئېيتالمايمەن لېكىن ھەممىنى.
سورىۋالاي ئايرىلىش پەيتتە
كۈتەلەمسەن مەڭگۈگە مېنى؟


كۈتەلەمسەن ھىجران دەشتىدە،
يىللار ئەگەر بولسا بەك ئۇزاق؟
قۇندۇز چېچىڭ بوغدا تېغىنىڭ
قارلىرىدەك بولۇپ كەتسە ئاق؟

كۈتەلەمسەن نىھال قامىتىڭ
قېرىلىقتىن كەتسە مۈكچىيىپ؟
پېشانەڭگە قورۇقلار چۈشۈپ،
ئالما رەڭگىڭ كەتسە ئۆزگىرىپ؟

كۈتەلەمسەن تەنە ـ تاپىدىن
دىلىڭ يارا بولسا ھەر كۈنى؟
مۇھەببەتنىڭ يالقۇنى تۈگەپ
قالسا ئەگەر بىر تال ئۇچقۇنى؟

# ئانا يۇرت

ئابلەت ئىسمايىل شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




37
42
46
mf
50
54
1.
2.
58
62
66
70
75
1.
2.
mf


79
83
f
87
mf
91
95
99
mf
103
f
mf
107
111
mf
115




(2000 ـ يىلى 11 ـ دېكابىر)

## ناخشا تېكىستى

جاھاندا ھەركىمنىڭ باردۇر ۋەتىنى،
ۋەتەنگە پىدادۇر جېنى ھەم تېنى.
تۆكۈلگەچ باغرىڭغا كىندىكىم قېنى،
ئانام سەن ئانا يۇرت، سۆيىمەن سېنى.

سېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتتىم يىراققا،
ۋۇجۇدۇم لىق تولدى ھەسرەت ـ پىراققا.
كۆيلىرىم ئوخشايدۇ مۇڭلۇق بۇلاققا،
ئانام سەن ئانا يۇرت، سېغىندىم سېنى.

سېنى دەپ كۆزۈمدىن ياشلار تامىدۇ،
سېنى دەپ قەلبىمدە ئاتەش يانىدۇ،
يۈرىكىم ۋەسلىڭگە قاچان قانىدۇ،
ئانام سەن ئانا يۇرت، سۆيىمەن سېنى.

سېنى ياد ئېتىمەن بارسام ھەر جايغا،
چىقساممۇ كۆكتىكى يۇلتۇزغا، ئايغا،
سېنىڭسىز ئوخشايمەن يېتىم، گادايغا،
ئانام سەن ئانا يۇرت، سۆيىمەن سېنى.


# ئارزۇلىرىم

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




40
45
49
53
57
61
65
70
74
78
f
mf


82
86
90
94
99
103
108
112
116




(1999 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىر)

## ناخشا تېكىستى

لوقماندەك ياشىسام، تاغلاردەك قالسام،
دۇنيادىن كەتمىسەم، ئۆلمىسەم دەيمەن.
پاراغەت بولىسكەن ئاسمانمۇ، يەرمۇ،
ئىنساندا كۆز ياشلار كۆرمىسەم دەيمەن.

يىغلىسام دوستلارنىڭ دەردى ۋەجىدىن،
كۈلسەممۇ دوستلارسىز كۈلمىسەم دەيمەن.
ئادالەت ھۆرلىرى مەشۇقۇم مېنىڭ،
شۇلاردىن ئۆزگىنى سۆيمىسەم دەيمەن.

ھەق تونۇرلىرىدا كۈل بولسام مەيلى،
تۆھمەت ئوچاقلىرىدا كۆيمىسەم دەيمەن.
قوۋۇقلار سىرتىدا قالساممۇ مەيلى،
خۇشامەت شەھرىگە كىرمىسەم دەيمەن.

ئارزۇلار تاتلىقتۇر، خىياللار شېرىن،
بەزىدە گۈل بولسام، گۈللىسەم دەيمەن.
ئۆرۈقۇم تۆكۈلسە، لېكىن ئۈنسەممۇ
خەسىسلەر بېغىغا ئۈنمىسەم دەيمەن.

# ئادەملەر ئۇلۇغ

مۇھەممەتجان راشدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




37
mf
41
45
49
53
f
57
f
61
1.
65
2.
f
69
mp
74
mf




(2001 ـ يىلى 7 ـ يانۋار)

## ناخشا تېكستى

كۆنلەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر،
گۈللەرنىڭمۇ ھەر خىلى باردۇر.
ئادەملەردىن رەنجىمە كۆڭلۈم،
ئۇلارنىڭمۇ سەرخىلى باردۇر.

تىلەمچىگە نان بېرەر بىرى،
كەپتەرلەرگە دان بېرەر بىرى،
زۆرۈر بولسا قان بېرەر بىرى،
ھەتتا جاننى بەرگىنى باردۇر.

ياتمىقى بار ئاغرىپ ساقنىڭمۇ،
سولمىقى بار سەيلىگاھنىڭمۇ،
دۆلەت كەتسە، ھەتتا شاھنىڭمۇ
دۆڭدىن قوراي تەرمىكى باردۇر.

دۇنيا تىلسىم، ئادەملەر ئۇلۇغ،
تىرىكلىككە ئادەم ئۆزى تۇغ،
يانغىنىغا سۇ، زىمىستانغا چوغ،
شۇڭا گوزەل مەنزىلى باردۇر.

# خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




35
39
mf
43
47
f
51
55
f
59
63
1.
2.
67




(2000 ـ يىلى 4 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
توستى كىملەر سېنىڭ يولۇڭنى؟
دۈشمەن تۇتسا قانداق چىدايمەن
مەن تۇتقۇچە سېنىڭ قولۇڭنى.

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
قونۇپ قالدىڭ قايسى ئۆتەڭدە؟
يىغلىمامدىم باغلاردا يالغۇز،
سەن كەلمىسەڭ باھار كەلگەندە.

خېنىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ،
يوللىرىڭدا دەريا بارمىدى؟
ياكى شۇنداق تەقدىر ئەزەلدە
ئاشىقلارنىڭ يولى تارمىدى؟

# كۆرۈنگەنني يار تۇتساڭ

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




63
mf
f
69
75
81
f
87
mp
93
mf
99
mf
mp
105
mf
111
D.C.
mf
mf
117




(2000 ـ يىلى 9 ـ دېكابىر)

## ناخشا تېكستى

بۇلبۇل سايرىغان باغدا
تورغاينىڭ ئۇۋاسى بار.
كۆرۈنگەننى يار تۇتساڭ،
دەردى بار، بالاسى بار.

بۇلبۇل سايرىغان باغقا
مەن ساراي سالاي دەيمەن.
يارىم چىلللىغان چاغدا
گۇل تۇتۇپ باراي دەيمەن.


بۇلبۇل سايرىغان باغقا
مەن يالغۇز كىرەلمەيمەن.
تۆت كۇنلۇك شۇ ئالەمدە
مەن يارسىز يۇرەلمەيمەن.


# نەپچەم سېرىق

يۈسۈپ غەربى شېئىرى
سەنۆبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




11
14
17
20
23
26
29
32
35
38


42
46
49
52
55
58
62
65
68
71
Allegr ♩ = 132
f
f
77




(2000 ـ يىلى 11 ـ مارت)

# ناخشا تېكىستى

نىمچەم سېرىق، غۇنچەم سېرىق، يارىمنىڭ كۆينىكىن،
گۈل بىلەن رەيھان پۇرايدۇ يارىمنىڭ بوينىكىن.
ئېگىز تەختتە سەن ياتساڭ ئاياغىڭدا ياتاي، مەشۇق،
توپاڭنى توزۇتۇپ قالساڭ، تۇتىيا قىلاي، مەشۇق.


كۆككىنە كەپتەر كېلىپ قوندى بېھىشنىڭ تالىغا،
ھېچ كىشى قىلماس ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا،
ھەر كىشى قىلسا ئىزالار يېڭى تۇتقان يارىغا،
كىرپىكى ئوقتەك بېرىپ، مىختەك قادالسۇن جانىغا.

يۇقىرى بېقىپ، ئاينى كۆردۈم چەرخى پەلەكتە،
تۆۋەن بېقىپ يارنى كۆردۈم مەخمەل چۈشەكتە.
يارغىنەم ئېسەنمىدۇر گۈل غۇنچىسىدەك بويلىرى،
خۇش مېنى كۆيدۈردۇ قىلغان چىرايلىق خۇيلىرى.

پۇرسام قانمايدۇ كۆڭلۈم گۈلدىنمۇ ئىللىق بويلىرى،
تەلۋە قىلدى مەن غېرىبنى سالغان جۇدالىق كويلىرى.
ئىشىك ئاچتىم، تۆرگە باقتىم، تۆردە بىر ئاي ئولتۇرار
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، كۆزلىرى ئويناپ تۇرار.

# ۋەتەن تاغلىرى

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




30
34
38
1.
2.
mf
42
46
mf
50
mp
55
59
1.
2.
f
64




(2001 ـ يىلى 7 ـ فېۋرال)

## ناخشا تېكستى

ئاتامدەك ئۇلۇغ، ئانامدەك ئەزىز
سۆيۈملۈك تاغلار، ۋەتەن تاغلىرى.
كۆيگەنلىرى بىز، سۆيگەنلىرى بىز،
سۆيۈملۈك تاغلار، ۋەتەن تاغلىرى.

ئۇندا قۇربانلار قەبرىلىرى بار،
ئىزىدا تۇمەن نەۋرىلىرى بار،
غەزەپلىرى بار، سەۋرلىرى بار،
سۆيۈملۈك تاغلار، ۋەتەن تاغلىرى.

بۈركۈت ئۇۋىسى كۆز يەتمەس قىيا،
ئۇندا ھەر گىياھ گويا مەرگىيا.
قاپتاللىرىدا تامام گۈل ـ گىياھ،
سۆيۈملۈك تاغلار، ۋەتەن تاغلىرى.

# گۈلۈم دەيمۇ

تەلئەت ناسىرى شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى

Maestoso ♩ = 88




51
f
56
mf
61
68
f
74
f
81
mf
88
mf
94
mp
100
f




(2001 ـ يىلى 8 ـ يانۋار)

## ناخشا تېكستى

گۈلۈم دەيمۇ، گۈلۈم دەيمۇ؟
كۆلۈپ تۇرساڭ كۆنۈم دەيمۇ؟
پەرىزاتتەك چىقىپ كەلسەڭ،
مېنىڭ ئامراق جېنىم دەيمۇ؟

گۈلۈم قايدا، يولۇم قايدا،
قىلارمەن نالە ھەر جايدا.
بولۇپ مەجنۇن جاھان كەزسەم،
سېنىڭسىز ماڭا نە پايدا.

گۈلۈم كەلگىن، جېنىم كەلگىن،
كېچەلمەسكە كۆڭۈل بەرگىن.
بولۇپ ھەمراھ سەھەر ـ تاڭدا،
بېغىمدا بىللە گۈل تەرگىن.

# گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




50
56
61
66
1.
2.
f
72
77
mf
85
92
mf
98




(2000 ـ يىلى 17 ـ ئاۋغۇست)

## ناخشا تېكستى

گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ،
مەنمۇ غۇنچىلاي دەيمەن.
دوستلارنىڭ قولىقىغا
بىر تال گۈل بولاي دەيمەن.

گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ
ئون بەش ياشتىكى قىزدەك.
ئون بەش ياشتىكى قىزلار
يالغۇز قالمىسۇن بىزدەك.

گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ
ھەر غۇنچىگە مەن شەيدا.
مەن يارنى دېگەنىبىلەن
يارىم يۈرىدۇ قايدا.

# مەستانە بولدۇم

ھېيتەم ھۇسەيىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




33
mf
37
41
1.
46
2.
51
1.
56
2.
f
61
66
f
70




(2001 ـ يىلى 8 ـ مارت)

## ناخشا تېكىستى

شەھلا كۆزۈڭگە جانانە بولدۇم،
شىرىن سۆزۈڭگە مەستانە بولدۇم.
ئىشقى ئوتۇڭدا كېچەيۈكۈندۈز
كۆيدۈمۇ كۆيدۇم گۈلخانە بولدۇم.

تىنماي ئۆرۈپ ئاھ، شەمئىڭگە شەيدا،
ئوتقا ئېتىلغان پەرۋانە بولدۇم.
ۋەسلىڭگە يېتەلمەي ياكى كېچەلمەي،
سېنى چۈشەنمەي ھەيرانە بولدۇم.

يار كەلسە كاشكى، تاقەتمۇ تاشتى،
باغرىممۇ چاك ـ چاك، بىچارە بولدۇم.
كەلگىن ھۆسەينى، ئىچەيلى مەينى،
«بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم.»

# مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




49
55
mf
60
f
66
71
mp
76
mf
81
86
1.
2.
f
91
f
96
1.
2.




(2001 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇل)

## ناخشا تېكستى

پەسلى باردۇر قىزىلگۈلنىڭمۇ،
ئېچىلمايدۇ قىش ـ ياز ھەر كۈنى.
مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ،
ئەسقاتارمەن ساڭا بىر كۈنى.

تاش ئەمەسمەن تاشلاپ كېتەرگە،
قەدىرلەيمەن قەدرىمنى بىلسەڭ.
سۆيمىسەڭمۇ ياد ئېتىپ يۈرگىن،
ئويلاپ قويغىن خىياللار سۈرسەڭ.

قىسمەتلەرگە تولغان ئالەم بۇ،
كۆرمىگەننى كۆرەرسەن تېخى.
تەنتەكلىكتە تاشلاپ كەتكەننى
ئەلدىن سوراپ يۈرەرسەن تېخى.

نۇر تىلەيمەن ئەقىل كۆزۈڭگە،
ئاقىللاردەك ياشىغىن، يارىم.
كېرەك بولسا ساڭا ۋاپادار،
مەندىن يىراق قاچمىغىن، يارىم.

# ياشىسۇن

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى

**Allegrett** ♩= 110




43
mf
48
53
1.
2.
58
f
63
f
69
mf
75
80
1.
2.
f
86
mf
92




(2000 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال)

## ناخشا تېكىستى

يۆلەكسىزنى يۆلىگەنلەر ياشىسۇن،
يۆگەكسىزنى يۆگىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۆزى ئالماي، يامبۇ ياغسا ئاسماندىن،
ئەلگە يامغۇر تىلىگەنلەر ياشىسۇن.


سۇغارغاندەك سايە بەرگەن چىنارنى،
ئاتا قەرزىن تۆلىگەنلەر ياشىسۇن.
ئېتى هارسا ئانا چۈشكەن هارۋىنىڭ،
ئۆزى ئات بوپ سۆرىگەنلەر ياشىسۇن.

ئۆزگىلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن دەرد تارتىپ،
ئۆزى راهەت كۆرمىگەنلەر ياشىسۇن.
يوقسۇزلۇقتا ئۆتى ئۆچكەن يالغۇزنىڭ
ئوچىقىنى پۈۋلىگەنلەر ياشىسۇن.

هالدىن كەتكەن غېرىبلارنىڭ بېشىدا
چىراغ يېقىپ تۈنىگەنلەر ياشىسۇن.
ئۈنتۈلمىسۇن ئارمان بىلەن كەتكەنلەر،
ئۈمىدلىرى ئۆلمىگەنلەر ياشىسۇن.

# مۇھەببەت ناخشىسى

ئەخمەت پاسار شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(2000 ـ يىلى 10 ـ ئىيۇل)

## ناخشا تېكىستى

هايات دەپتىرىدە كۆپتۇر
مۇھەببەت ھەققىدە داستان.
كىمكى كەچمىسە جاندىن،
ئاڭا تالىق ئەمەس جانان.
مۇھەببەتسىز كىشى كۆڭلى
گويا بىر قاپقارا ئاسمان.

كۆڭۈلنىڭ بىر كۆزى نەپرەت،
يەنە بىرسى مۇھەببەتتۇر.
ئۇنىڭسىز ئايرىيالامدۇ
تىكەننى غۇنچىدىن ئىنسان.

جاھاندا سۆيگىلى زىنھار
ۋەتەندىن ياخشى رەنا يوق.
ۋەتەن ئىشقى جىمى سۆيگۈ
مۇھەببەتكە شىكەر سالغان.

# ئانام بولۇپ بەرسەڭچۇ، دۇنيا

ئادىل تۇنىياز شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى

Andantin ♩= 80






(2001 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇل)

## ناخشا تېكىستى

بار مېنىڭدە گۈزەل بىر ناخشا،
ئېيتالمىدىم تېخىچە، ئەمما.
تەنھالىقىم مۇزىكا كەبى،
ماڭا قاراپ ئېسەدەر دۇنيا.

بار مېنىڭدە ئاچچىق بىر يىغا،
كۆرمىسىكەن دەيمەن باشقىلار.
قايغۇ ماڭا يىغلاۋاتقاندا
كۈلۈمسىرەپ بەرسىكەن دۇنيا.

كۈزدەك گۈزەل غېرىب قەلبىمدە
ياشاپ كەلدىم بىر ئۆزۈم تەنھا.
بىر دەقىقە ياشاي بۆشۈكتە،
ئانام بولۇپ بەرسەڭچۇ، دۇنيا.

# كاككۇك كەلگەندە

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى

سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




40
f
44
f
mf
48
mf
52
56
mf
60
mf
64
f
68
mf
73
mf
77


81
mf
mf
85
mf
89
mf
94
mf
98
f
102
106
f
111
f
115
f
120
mf




(2002 ـ يىلى 22 ـ ئاپرېل)

## ناخشا تېكستى

غوۋغا قىلۇر بىر سوئال مەندە،
يارىم، باردۇر نە خىيال سەندە؟
مېنى ھەر كۈن سېغىنىمىساڭمۇ،
سېغىنغانسەن كاككۇك كەلگەندە؟


قارا قىشنى چىقاردىم غەمدە،
كېيگەنلىرىم ئۇچامغا جەندە.
قەلەندەر بوپ چىقسام ئالدىڭغا،
تونارسەنمۇ كاككۇك كەلگەندە؟

بۇ باغلارغا كىملەر گۈل تەرگەن؟
بۇ تاغلارغا كىم دۇئا بەرگەن؟
دەرد ـ ئەلەملەر بىزگە كەلمىسۇن—
كاككۇك بىلەن زەينەپكە كەلگەن.

# ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




53
59
1.
2.
f
65
1.
71
2
78
84
f
90
1.
2.
98
103
1.
2




(2002 ـ يىلى 12 ـ ئاپرېل)

## ناخشا تېكستى

«يېشىم ئوتتۇزغا يەتتى،
ئۆمرۈمنىڭ تېگى كەتتى.»[①]
كۆڭلۈمدىكى يار كەلمەي
ئەجەب ئىنتىزار ئەتتى.

تاڭدا تارىناي دېسەم
يانچۇقۇمدا ئەينەك يوق.
بۇ دۇنيا ئەجەب ئىكەن
كاككۇك بارۇ، زەينەپ يوق.

مىنگىلى ئۇلاغ ئىزدەپ،
ئىچكىلى بۇلاق ئىزدەپ.
قاچانغىچە يۈرىمىز
باغدىن تۆتقۇلاق ئىزدەپ.


قىزىلگۈل سىياقىغا،
خۇشتارمەن پۇراقىغا.
ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن
قىسماققا قۇلاقىغا.

① خەلق قوشىقىدىن ئېلىندى.

# دوستلىرىم قېيەرلەردە

ئالىمجان فارۇق شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى

Andantin ♩ = 84




48
f
54
1.
2.
f
59
64
1.
2.
f
69
74
mf
80
mp
86
1.
2.
f
92




(2002 ـ يىلى 19 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

بۇلبۇل تولا سايرايدۇ
باغلاردا سەھەرلەردە.
بىللە ئۈيناپ چوڭ بولغان
دوستلىرىم قەيەرلەردە؟


دوستلىرىم قەيەرلەردە؟
نەدە، قايسى شەھەرلەردە؟
ئارام تاپقاندىمۇ كۆڭلى،
مەن ھازىرغىچە غەمدە.

ھەر نەپەستە، ھەر دەمدە،
دوستلار يادىمغا يەتكەندە،
قولۇم ئىشقا بارمايدۇ،
فارۇق قالىمەن غەمدە.

# ناخشا بولۇپ ياشاي يېنىڭدا

مۇھەممەتجان راشىدىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(2002 ـ يىلى 2 ـ ئىيۇن)

## ناخشا تېكستى

«ئەسلە مېنى كۆيلەر چېغىڭدا،
ناخشا بولۇپ ياشاي يېنىڭدا.»①
جىسمىڭ قوبۇل ئەيلىسە ئەگەر
سۆيگۈ بولۇپ ئاقاي قېنىڭدا.

---


① سېرگىي يېسىنىن شېئىرىدىن.


ئەنسىرەيمەن ئەسكە ئالمىساڭ،
ئەسلىگەندە خەتلەر يازمىساڭ.
شۇ ئەمەسمۇ ساداقەت دېگەن
ئەل سورىسا مەندىن تانمىساڭ.

«ئەسلە مېنى كۈيلەر چېغىڭدا،
ناخشا بولۇپ ياشاي يېنىڭدا.»
كۈندە دىدار نېسىپ بولمىسا،
ئۆمۈر بويى ياشاي دىلىڭدا.

# ۋەدەم بىلەن

شېئىرى خەلقنىڭ
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى






(2002 ـ يىلى 6 ـ ئاۋغۇست)

## ناخشا تېكستى

ئاق تىكەن گۈر ـ گۈر كۆيەدۇر،
كۆك تىكەنگە چارە يوق.
دەردى بار ئوتتا كۆيەدۇر،
دەردى يوقنىڭ كارى يوق.


ئاق تىكەندىن شېكەر ئالدىم،
كۆك تىكەندىن لەيلىگۈل.
سەن يارىڭغا ئالما بەرسەڭ،
مەن يارىمغا دەستە گۈل.

دەستە گۈلنى يارغا بەردىم،
غۇنچىسى، بەرگى بىلەن.
سەن تېخى نادان ئىكەنسەن،
مەن يەنە ۋەدەم بىلەن.



# تارىم

بوغدا ئابدۇللا شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




48
mf
53
58
1.
2.
mf
63
68
1.
mf
73
2.
f
78
mf
84
90
mp
96
1.
2.
mf
mp


101
106
111
1.
2.
mp
116
121
mf
127
131
136
141
mf





(2003 ـ يىلى 2 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

يۈرىكىم ئۈستىدە ئاقىدۇ تارىم،
ئازمىدى بېشىدا چاققان چېقىن.
ئوغۇز سۈتى ئاقتى ئەسىرلەپ،
ئەجدادلىرىم سۇ ئىچكەن ئوچۇملاپ.
كولدۇرما ئاۋازى يېگانە،
مىڭئۆيلەر تەۋرىمەي تۇرار نۇرانە،
مۇقاملار ئون ئىككى تارام سۇ،
ئاقتى قۇملار، ئاقتى زامانلار.
يامۇلدا سادىر ئاۋازى،
ئوتى تەگدى يۈرەككە ئەجەب.
قومۇشتا نۇزۇك پەريادى،
ئاقتى دەرياغا يېشى قان بولۇپ.
ئاتلار سەپەردە، ئاتلار بوي بەرمەس،
ئانىلار دۇئايى تىلاۋەتتە.

# سالام خەلقىم

ئەخمەت ئىمىن شېئىرى
سەنۇبەر تۇرسۇن مۇزىكىسى




30
33
mp
36
39
42
45
48
1.
2.
f
51
54
f
57
1.
mf




(2003 ـ يىلى 3 ـ ئۆكتەبىر)

## ناخشا تېكستى

سالام ئەل ـ يۇرت، سالام خەلقىم،
ساڭا دىلدىن تۇمەن تەزىم.

مېھىر ـ سۆيگۈم ساڭا تالىق،
سېنى كۈيلەر كۈيۈم، سازىم.
سېنىڭ بىرلە قىشمۇباھار،
راھەت جەننەت تومۇز ـ يازىم.

سېنىڭ بىرلە ئەقىل تاپتىم،
سېنىڭ بىرلە گۈزەل ئىقبال.

سېنىڭ بىرلە قاناتلاندىم،
سېنىڭسىز يوق ماڭا ئىمكان.

سېنىڭ ناخشاڭ — يۈرەك ناخشاڭ،
سېنىڭ ناخشاڭ — يۈرەك ناخشام.
كەلگىن دۇنيا، قوشۇلغىن تەڭ،
بۇ ناخشامغا سەھەر - ئاخشام.

سالام ئەل - يۇرت، سالام خەلقىم،
سېنى كۈيلەر كۈيۈم، سازىم.

# ئاق بوز ئاتىم

شېئىرى، مۇزىكىسى خەلقنىڭ
سەنئۇبەر تۇرسۇن رەتلىگەن






(2003 ـ يىلى 7 ـ يانۋار)

## ناخشا تېكستى

ئاق بوز ئاتىم، ئاق بوز ئاتىم،
يالىڭنى ئۈزات.
بۈگۈن كېچە يار قاشىغە،
يەتكۈزگىن، تېزراق.

بۈگۈن كېچە يار قاشىغە
يەتكۈزسەڭ، بوز ئات.
باشىڭدىكى يۈگىنىڭدىن
قىلۇرمەن ئازاد.

ئاق بوز ئاتنى باغدا دېسەم
يۈرۈپتۇ سايىدا.
ئايرىلماسقا ۋەدىلەشكەن
قايسىمىز قايدا.

# گۈلمىدى، غۇنچەمىدى

شېئىرى، مۇزىكىسى خەلقىنىڭ
سەنئۇبەر تۇرسۇن رەتلىگەن




37
mf
41
mp
45
49
53
mf
57
61
65
69
mf
73




(2003 ـ يىلى 10 ـ ماي)

## ناخشا تېكستى

گۈلمىدى، غۇنچەمىدى
يارىم سېنىڭ باشىڭدىكى؟
كېچىلەپ تونالمىدىم
كىملەر ئىدى قاشىڭدىكى؟

ئامرىقىم، چىرايلىقىم،
كەتسەڭ يىراققا نە قىلاي؟
ساڭا ئۆگەنگەن كۆڭۈلنى
ئەمدى كىمگە خار قىلاي؟

گۈلنى گۈل دەمدۇ كىشى
گۈلنىڭ پۇراقى بولمىسا؟
يارنى يار دەمدۇ كىشى
يارنىڭ ۋاپاسى بولمىسا؟

ناز ئېتەر كىملەرگە گۈل
شاخىدا بۇلبۇل بولمىسا؟
كىم بىلۇر قەدرىڭنى، يارىم،
دەردمەن كۆڭۈللەر بولمىسا؟

(يۇقىرىدىكى ناخشىلارنى نوتىغا ئالغۇچى: ئابدۇكېرىم ئوسمان)

## Ⅳ ئوتلۇق كېچىلەر

1. يار ئىشكىدە تۇرسا
2. كۆرت ناخشىسى
3. ياشلىقىم
4. نىگارىمغا
5. ئۆزۈڭ كەلگىن
6. كەپتىرىم
7. ئاڭلا، بالام
8. كوچا ناخشىسى
9. گۈل ئىچىدە يارنى كۆردۈم
10. ئارزۇلىرىم
11. ئەجەم ناخشىسى

## Ⅴ يوللۇقۇم

1. يوللۇقۇم
2. دەردى تولدۇر يارنىڭ
3. ئادەملەر ئۇلۇغ
4. كەلمىدى يار
5. بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن
6. بىپەرۋا
7. خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ
8. كۈتەلەمسەن
9. نىساگۈل
10. دىدار غەنىيمەت

## Ⅵ ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن

1. دوستلىرىم قەيەرلەردە
2. يارى ئار تۇرسا
3. ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن
4. ناۋا قىلدىم
5. ئاق بوز ئاتىم
6. باغۋەن
7. مەندىن بىزار بولما ئالدىراپ
8. ئىلى دەريا بويلىرى
9. يار قېشىمدا ئولتۇرسا
10. ياشلىقىم — پاشالىقىم
11. قادىر مەۋلان

# قاناتلانغان كۆي

## سەنۇبەر تۇرسۇن ناخشىلىرى


**ئاپتورى :** سەنۇبەر تۇرسۇن

**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن

**مەسئۇل كوررېكتورى :** زەمىرە پىدا

**مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون :** 0991－2827472

**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى :** 830001

**باسقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

**ساتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/16

**باسما تاۋىقى :** 10

**قىستۇرما ۋارىقى :** 4

**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى :** 1－5000

**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978－7－228－12155－7

**باھاسى :** 50.00 يۈەن (ئىككى دانە CD پلاستىنكىسى بىللە)

## VII ئانا يۇرت


1. ئانا يۇرت
2. ئىشچان يىگىت
3. كۆيدۈم دېدىڭ
4. يەركەنت ناخشىسى
5. گۈل بولسام
6. ئانىلار بولسۇن ئامان
7. رۇخسار مۇقامى مۇقەددىمىسى
8. ۋادەرىخا يۇرۇشى


## VIII سېنىڭ ناخشاڭ


1. ۋەدەم بىلەن
2. قۇي پىيالىگە چاينى
3. ساڭا شەيدا
4. كۈن ماڭار
5. ئىلى
6. گۈللەر غۇنچىلاپ قاپتۇ
7. تاپىمساڭ
8. گۈلمىدى، غۇنچەمىدى
9. مۇھەببەت ھەققىدە ناخشا
10. خېتىڭ كەلدى، ئۆزۈڭ كەلمىدىڭ
11. ناۋا مۇقامىنىڭ جۇلاسى

# ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

ئاتاقلىق ناخشىچى ۋە كومپوزىتور سەنۇبەر تۇرسۇن 1971 ـ يىلى 7 ـ يانۋار غۇلجىدا سەنئەتكار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1978 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە غۇلجىدا باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1990 — 1994 ـ يىلغىچە شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ مەخسۇس چاڭ كەسپىدە ئوقۇغان، 1994 ـ يىلدىن 1999 ـ يىلغىچە شىنجاڭ پولات ـ تۆمۈر شىركىتى سەنئەت ئۆمىكىدە، 1999 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە شىنجاڭ مۇقام ئانسامبىلىدا ئىشلىگەن، 2003 ـ يىلدىن 2005 ـ يىلغىچە مەركىزىي مۇزىكا ئىنستىتۇتىدا بىلىم ئاشۇرغان.

ئۇ 1990 ـ يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر مىللىي ناخشا ـ مۇزىكا مۇسابىقىلىرىدە ئالاھىدە مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 2005 ـ يىلى مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو ئىستانسىسى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان ئىجادىي ناخشا مۇسابىقىسىدە، ئۇنىڭ «ئانا يۇرت» ناملىق ئىجادىي ناخشىسى تېكىست، ئاھاڭ، ئورۇنداش قاتارلىق ئۈچ تۈر بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن. ئۇ ھازىرغىچە «ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن»، «ئادەملەر ئۇلۇغ» قاتارلىق ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئىجادىي ئاھاڭ ئىشلىگەن. «سېنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن»، «رازى بول، ئانا»، «باغلىرىم»، «ئوتلۇق كېچىلەر» «يوللۇقۇم»، «ھەركىمنىڭ گۈلى بولسۇن»، «ئانا يۇرت»، «سېنىڭ ناخشاڭ» قاتارلىق ناخشا پلاستىنكىلىرى نەشر قىلىنغان. بۇ ناخشا پلاستىنكىلىرى ھازىرغا قەدەر تەكرار ـ تەكرار كۆپەيتىلىپ، بەس ـ بەستە سېتىلماقتا. سەنۇبەر تۇرسۇن ھازىر خەلق ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشىچى ھەم كومپوزىتور بولۇپ قالدى.

مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى : مەمەت نۇبەت




ISBN 978-7-228-12155-7
9 787228 121557 >
定价:50.00元